# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

1

1994

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن
ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر مۇنبىرى

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال
ئىلمىي ژۇرنال)

1994 ـ يىللىق
1 ـ سان
ئومۇمىي 24 ـ سان

باش مۇھەررىر:
تۇرسۇن سادىق

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئىسلامجان شېرىپ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى
بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇكېرىم راخمان

ئابدۇرېھىم رەجەپ

تۇرسۇن سادىق

روزى تۇردى

ۋاھاپ خېۋىر

ئىسلامجان شېرىپ

# بۇ ساندا

شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات جىزمىتىنى ئىرىشىپ
ياخشى ئىشلەش كېرەك·············· سۇڭ خەنلياڭ 1
پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە سىياسىي نەزەرىيە
دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى
························ ئابدىغىنى قۇربان 6
بىز تونۇۋاتقان تارىخىي دەۋر ············· مۇسا روزى 9

يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە ······
···························· مەمتىمىن يۈسۈپ 12
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى «تۆتلىكلەر سىستېمىسى» ·········
···························· ئابدۇكېرىم راخمان 20
ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش ئادىتى ······ رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 27
دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى········ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 31
ئامانىساخان························ نۇرىۇل مەمتىلى 36
تۇج بۇرھان ··············· مۇختەر ماموت مۇھەممىدى 38
شىنجاڭ ۋە ئوردوبالىق قاغانى ········ س.گ، كىلياشتورنىي 40

قىز ـ ئاياللاردا قوش جىنسلىق پىسخىكا يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا
······················· ئىسلامجان شېرىپ 43

ئامېرىكىغا زىيارەت ···················· گوجگو 56

تۇجۇر ۋە تەرمە ·································
······· ئىسرائىل يۈسۈپ. ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت قاتارلىقلار 59

مائارىپ ۋە تالانت ··················· لىڭ تۇڭ 75
دانىشمەنلەردىن سۆز ············ مەدىنە تاھىر تەييارلىغان 80

بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى 1990 ـ يىل 1 ـ ساندىن
1994 ـ يىل 1 ـ سانغىچە ئىسلامجان شېرىپ قىلدى

# شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم

— «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشتىن تەسىراتىم

**سۇڭ خەنلياڭ**

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىدا نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى ، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەر مەركەزلىك شەرھلەنگەن. بۇ ماركسىزملىق مۇھىم ئەسەر، مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر، ھەر بىر ئەسەردە ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشى روھلىنىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم مەن سۇۋارە ئوقۇش ئاساسىدا مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بايانلارنى ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ جەھەتتىكى ماقالىلار ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر تاللانمىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا يەكۈنلەپ چىقىلغان، ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن شۇنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتىمكى، مۇقىم سىياسىي مۇھىت بولمىسا، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ تېز ئىلگىرىلىشى بولمىسا، ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.

**1. مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ مۇھىم ئىش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15 يىلدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىللە ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. لېكىن خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىللىي رايونلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقى داۋاملىق زورىيىۋاتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مىللىي رايونلاردىكى كادىرلار، ئامما تېخىمۇ تىت - تىت بولماقتا. ھەممەيلەن ئويلىماقتا، پەرقنى كىچىكلىتىشنىڭ رېئال يوللىرى ئۈستىدە تەققەززالىق بىلەن ئىزدەنمەكتە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش» دېگەن بۇ بايانىدا سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى - ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. مىللىي رايونلاردا پەرقنى كىچىكلىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا. شۇڭا مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم ئىش دەيمىز.

مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ دۆلىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي رايونلار راۋاجلانسا ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ناھايىتى ياخشى تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، تىنچ تاشقى مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ.

**2. مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر نەچچە تونۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.**

تونۇش ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىسى، مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغاندا ئاسانلا تەكشىسىزلىك يۈز بېرىدۇ. ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ قىيىن بولىدۇ، قايسى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك؟

بىرىنچى، مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1991 - يىلى 8 - ئايدا مەركەزنىڭ بىر نەچچە مەسئۇلى بىلەن سۆزلەشكەندە: «ئىلگىرى بىز ئۇنىڭغا يېتەلمىسەكمۇ، بۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشەتتۇق، ھازىر

www.uyghurkitap.com



ئۆزىمىزنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇشىمىزمۇ مەسىلە بولۇپ قالدى»، «بىز پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىقتىسادنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلمىسەك، باشقىلار بىزدىن تېز مېڭىپ كېتىدۇ ـ دە، ئارقىدا قالۋېرىمىز» دېگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ سۆزنى دېگىنى بويىدىكى رايونلارغا قارىتىپ ئېيتقان، لېكىن بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەتراپىمىزدىكى سەككىز دۆلەت شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھازىر قىيىنچىلىقى بار. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى شىنجاڭنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭ بەزى جەھەتلەردە ئۇلارغا تەڭ كەلسىمۇ، بەزى جەھەتلەردە سەل ياخشىراق. شۇڭا بىز ئىچكى جايلارغا يېتەلمەيمىز. چەت ئەللەردىن ئېشىپ چۈشىمىز، شىنجاڭنىڭ ئىستىپاقلىقى، مۇقىملىقى تېخى تەسىرگە ئۇچرىمىدى، لېكىن بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەتراپىمىزدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا ئاساسىي ياخشى، كىشىلىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرىراق، ئۇلار قىيىنچىلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتسىلا، تەرەققىياتى بىزنىڭكىدىن تېز بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئەگەر شىنجاڭ قەدەمنى تېزلەتمىسە، ئۇ ۋاقىتتا بارغاندا ئىچكى جايلارغا چەت ئەللەرگە سېلىشتۇرۇشمۇ بىر گەپ بولۇپ قالىدۇ، ـ دە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز تەسىر پەيدا بولىدۇ، بىز ھازىرقى تارىخىي پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، تۇتقاندىمۇ تازا چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ غەربىي شىمال چېگرا رايوننىڭ ئۇزاقتىچە تىنچ بولۇشىدىكى مۇكەممەل تەدبىر. شۇڭا بىز مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھەم مادارىمىزغا قاراپ ئىش تۇتۇشىمىز، ھەم تەخىرسىز بولۇپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولسىلا، تېزلىتىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى تەلپى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتتىكى ئورنىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگودا بايلىق مەنبەسىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، جۈملىدىن شىزاڭ ۋە شىنجاڭغا تارقالغان»، «بۇ يەرنى ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى.» ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مول بايلىق مەنبەئەسى جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بۈيۈك ئىشىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە ھازىر دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بولغان ئېھتىياج مۇناسىۋىتى بارغانسېرى شۇنچە روشەنلەشمەكتە. مەسىلەن، شىنجاڭ ئېلىمىز نېفىت سانائىتىنىڭ مۇھىم بىر جانلىق قوشۇنى بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ رەڭلىك مېتال زاپاس بايلىق بازىسىمۇ نەزەرنى غەربىي شىمالغا بولۇپمۇ شىنجاڭغا تىكمەكتە، شىنجاڭنىڭ پاختا بىلەن تەمىنلىشى مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ پاكىتلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، ئەگەر مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بەك ئارقىدا قالسا، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. لېكىن بەزى يولداشلىرىمىز مىللىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇش جەھەتتە ھېلىمۇ نەزەرىنى سىياسىغىلا تىكىپ، ئىقتىسادىي ساھەسىنىڭ كۆرسىتىدىغان ئىجابىي رولىنى كۆرمەيۋاتىدۇ. مىللىي رايونلارنى قوللاشتا كۆپىنچە «نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش» ئەندىزىسىدىن سەكرەپ چىقالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. بىز بۇنداق ئەنئەنىۋى كونا قاراشلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بۈيۈك ئىشىنىڭ ئىچكى تەلپى، دېگەن يېڭى قاراشنى تىكلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ساغلام يولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ..

ئۈچىنچى، مىللىي رايونلار تەرەققىيات شارائىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىدى. 40 نەچچە يىل خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق مىللىي رايونلار ئەمدى ئىلگىرىكىدەك نامرات ھەم قالاق ھالەتتىن قۇتۇلدى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتنى يەنىمۇ تېزلىتىشى ئۈچۈن خېلى پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. نۇرغۇن ساھەلەردە تەرەققىيات شارائىتى ھازىرلاندى. مەسىلەن: شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى، رەڭلىك مېتال، ئالتۇن جەھەتتىكى گېئولوگىيىلىك چارلاش

ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، نېفىت چەككىلەش، خىمىيە سانائىتى ۋە مېتال كانلىرىنى قېزىش سانائىتى ھەم ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىشىگە پۇرسەت يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسىيا، ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشىدىكى خەلقئارا چوڭ يولى، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكىلەر مەبلەغ سالىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. بۇلار غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولغان يېڭى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شىنجاڭنى راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تېزلىك بىلەن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشتە بەك پايدىلىق.

شىنجاڭنىڭ تارىختا پارلاق سەھىپىلەر بولغان. قەدىمكى يىپەك يولى شىنجاڭنى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا ئايلاندۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 50-يىللاردا شىنجاڭدا قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بايقالغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ چۆل، جەزىرىلەردە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغانلىقى، ھەم شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى ئەڭ بالدۇر سىرتقا ئېچىۋەتكەنلىكى ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە جۇڭگو-سوۋېت شېرىكچىلىكىدىكى نېفىت شىركىتى، رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار شىركىتى ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئورۇنغان سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىلىرى بار ئىدى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك سودىسى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن مەملىكەتتە داڭق چىقارغان، پۈتۈن مەملىكەتكە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ھەممىيلەنگە ئايان بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى 5400 كىلومېترلىق چېگرا لىنىيىسىنىڭ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان سۇنئىي توساققا ئايلىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، چېكىنىپ كەتكەن، شىنجاڭ توپتوغرا 20 يىل يېپىق ھالەتتە قالغان، لېكىن بىز بۇ ئەگرى-توقاي تارىختىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالدۇقكى، شىنجاڭدەك رايون تەرەققىياتتا چېك تۇرىدىغانلا بولسا پۈتۈن مەملىكەتكە نى-نى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ.

**3. مىللىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي پىكىر يوللىرى**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي رايونلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ پەرقىنىڭ داۋاملىق زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئويلانغانىدى. مەسىلەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئالدىن بېسىغان رايونلارنىڭ «پايدا -باجنى كۆپ تاپشۇرۇش» ئارقىلىق، تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىردىن ئىككىكىچە نامرات ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش (ئىشنى تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن باشلاش) ئارقىلىق ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يار-يۆلەك بولۇش ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسىنى ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەندۈردى. بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان، بىز بۇنى چىن قەلبىمىزدىن ھىمايە قىلىمىز.

مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر بويىچە ئىشلىگەندە، مېنىڭچە ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدىغان مۇنداق ئىككى تەرەپمۇ بار:

1. شەرق بىلەن غەربنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاش تېپىدىكى ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تۈزۈم ۋە مېخانىزم جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈپ ئىلگىرىكى «نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش» ئەندىزىسىنى ئورتاق راۋاجلىنىش يېڭى ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىپ، تەرەققىيات جەريانىدا پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش كېرەك، بۇ مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشتا تاللاشقا بولىدىغان تەسەۋۋۇر.

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى تېزلىتىش مىللىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئىچىدە بازار ئارقىلىق بېكىتىلىدىغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى، پەقەت پاختا، كۆك تاماكا، شېكەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ماتېرىياللىرى، پىلە غوزىسى قاتارلىق تۆت خىل مەھسۇلاتنىڭلا باھاسى قويۇۋېتىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈرنىڭ پىلاندىكى باھاسى خەلقئارا باھادىن خېلىلا تۆۋەن بولغاچقا، پۈتۈن ساھە بويىچە زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كەسپىي تارماقلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. لېكىن، مېنىڭچە ئۇنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرىغانلار ئىچىدە يەنە مۇشۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان جايلارمۇ بار. شىنجاڭدىن پاختا، شېكەر، پىلە غوزىسى، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر كۆپ چىقىدۇ. ئەمما، باھادىكى نامۇۋاپىقلىق ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىگە ۋە جايلارنىڭ مالىيە كۈچىگە تەسىر يەتكۈزدى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، باھادىكى نامۇۋاپىقلىق ۋەجىدىن ئالىدىغان پايدا بولمىغاچقا مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ قاتارلىق مۇھىم ئامىللار مىللىي رايونلارغا مۇۋاپىق يۈرۈشەلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە مىللىي رايونلارنىڭ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئېقىپ كەتتى. بۇلارنى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن پىلانلىق باھا غەربىي شىمال رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر تەسىرگە ئۇچراتتى. بۇنداق ئەھۋال تېز ئۆزگەرتىلمىسە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داۋاملىق چوڭىيىپ كېتىدۇ، غەربىي رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مەڭگۈ قالاق ھالەتتە تۇرۇۋېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرىنچى قېتىملىق كان تېپىش خىزمىتى تېخى ئاياغلاشمىدى. ھالبۇكى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يەر مەيدانى كىچىك بولغاچقا، بەزى ئۆلكىلەر كان تېپىش خىزمىتىنى بىر قانچە قېتىم ئېلىپ باردى، شىنجاڭنىڭ چارلاش دەرىجىسى تۆۋەن ئەمما كان تېپىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ نۆۋەتتە تاپالايدىغانلىرى دەرىجىسى تۆۋەن، رودا مىقدارى ئاز، ئۈنۈمى تۆۋەن كانلاردىن ئىبارەت بولدى. لېكىن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن «سىزىقتىن چىقماسلىق»تەك كان ئىزدەش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى قىيىن بولدى. چەكلىك كان ئىزدەش كەسپىي خىراجىتىنى كان ئىزدەش ئۈنۈمى ياخشى بولغان رايونلارغا يۈرۈشتۈرگىلى بولمىدى، مىللىي رايونلارنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقىنى تېزدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئاچقىلى بولمىدى، بۇنىڭ بايلىقى مول بولغان مىللىي رايونلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز بولماسلىقىدا تارىخىي سەۋەبلەردىن باشقا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ چۈشەكلىرىنىمۇ مۇھىم سەۋەب دېمەي بولمايدۇ. بۇنداق چۈشەكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بالدۇرراق بەرپا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باھا سىستېمىسىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا مىللىي رايونلارنىڭ بايلىقى مول بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى ئاندىن تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مىللىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى دېيىمىز. بۇ مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى تاللىۋېلىشقا بولىدىغان تەسەۋۋۇر.

### 4. ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى مۇقىملىق

«جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى مۇقىملىق، مۇقىم مۇھىت بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرمۇ قولدىن كېتىدۇ.» بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن مۇھىم پرىنسىپ. دۆلىتىمىز ھازىر دىققەت-ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ موھتاج بولۇۋاتىدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى مالىمان مۇھىتتا ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بىزگە چوڭقۇر ساۋاق بولدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 15 يىلدىن بۇيان،

مۇشۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكىمىز بىزنىڭ تىنچ ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالالىغانلىقىمىزدىن بولدى. بۇ ئارىلىقتا بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ لېكىن پارتىيىمىز قەتئىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ھەر خىل تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇقىم مۇھىت ياراتقانلىقتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىمۇ شۇنداق بولدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىز بىلەن مېڭىپ كەلدى. شۇڭا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ چىڭ تۇرغان بۇ پرىنسىپنى تامامەن توغرا دېيىمىز.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تىنچسىزلىق ئامىللىرى ئاساسەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ. شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قويىنىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەر دائىم غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئۆزئارا ھەمنەپەس بولۇپ، چاتاق چىقاردى، بەزىدە ھەتتا مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ قوزغاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلاش ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇھىم يېتەكچى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، مۇنۇ بىرنەچچە نۇقتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

1. يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ مۇقىملىقنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا بار ئىدى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللىي بۆلگۈنچىلەر بەزىدە خۇپىيانە، بەزىدە ئاشكارا ھەرىكەت ئېلىپ باردى، ھەرىكىتىنى تامامەن توختاتمىدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن بۇيان خەلقئارادىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بولغان ئەركىنلەشتۈرۈش ئۇخشىشىپ كېتىدىغان خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئۇ بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئوخشاش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقالمايدۇ، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك، شۇنىڭ بىلەن بىزدە تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ كېتىش ياكى بىزار بولۇپ بوشىشىپ كېتىشتەك كەيپىياتلارنى تۈگىتىپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

2. سىياسىي ۋەزىيەتنى نورمال مۆلچەرلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك، بەزىدە ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ، لېكىن، ئۇ پەقەت مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىق سىنىپىي كۈرەشكە كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. قانداق مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، قەيەردە مەسىلە كۆرۈلسە شۇ يەردىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

3. بارلىق تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى قەتئىي، كەسكىن، ۋاقتىدا تۈگىتىش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئادەمى ئاز، كۈچى چوڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر، شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتكە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىش كېرەك. مادارا قىلىشقا، ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم خىزمەتلەرنى مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيە بىلەن تۇتۇپ، قالايمىقانچىلىق ھەتتا مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى نەزەر دائىرىمىزدىن ساقىت قىلماي، ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەرنى جۈملىدىن مائارىپ، مەمۇرىي، قانۇنىي ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كونكرېت خىزمەت جەھەتتە ھەر بىر ئىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، ۋەقەنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك، تىنچسىزلىق ئامىلىنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش، مالىمانچىلىقنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىش كېرەك. بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئاندىن مىللىي رايونلاردا ئىزچىل مۇقىم بولغان تىنچ، ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

4. مۇقىملىقنى تۇتۇشتا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى قاتناشمىساشىنجاڭدا ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ئىتتىپاق، بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات جەھەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

خاسىيەت ئابدۇراخمان تەرجىمىسى

# پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە سىياسىي نەزەرىيە دەرسنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى

ئابدۇغېنى قۇربان

ھازىرقى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىز كونا - يېڭى تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. بۇ ۋەزىيەتتە قانداق قىلغاندا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ۋەزىيەت ۋە ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يۈرۈش مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپ سىياسىي - نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش شۇ مەسىلىلەر ئىچىدە يادرولۇق رول ئوينايدۇ.

بىزنىڭ بۇنداق ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «بىز مائارىپنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئىشلىرىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تۈپ چوڭ تەدبىر.» دەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئالاھىدە يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش؛ پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىسلاھاتنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىسلاھات ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش؛ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەم مول پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ھەم يۈكسەك ئىسلاھات ئېڭىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۈنۈملۈك ۋە ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسى — سىياسىي ئىدىيىۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك پەن. ئۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق بازىسى ۋە يولى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىدە ئىنقىلابىيلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق يېتەكچى دەرس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، چوڭلار ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭمۇ ئاساسلىق يېتەكچى دەرسى. شۇنداقلا ماركسىزمنى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆلچەشتە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگىلا قارىلىپ قالماستىن ئەڭ مۇھىمى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە قارىلىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مائارىپ قاڭجىنى ئىچىگە قويۇپ تونۇش، بۇ ئارقىلىق ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇش ۋە ئۇنى مەكتەپ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي تەربىيىسىنىڭ يادروسى قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ياش ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش — سوتسىيالىستىك ئالىي مائارىپنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇ، سوتسىيالىستىك مائارىپ بىلەن كاپىتالىستىك مائارىپنى ئايرىيدىغان تۈپ بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى. سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك قۇرغۇچىلار ۋە ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپلەردە ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى تەسىس قىلىشتىن مەقسەت — ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى ئارقىلىق ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە مۇقىم سوتسىيالىستىك ئېتىقاد، كوممۇنىزم غايىسىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم

بېرىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ دات باسماس ئىزباسارلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى — مىسلىسىز ئۇلۇغ، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ، ئۇ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىگىلمەس - سۇنماس تىرىشچانلىقىغا؛ مىڭلىغان، مىليونلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا باغلىق.

ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئاداققىچە غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى توغرا غايە ئېتىقاد، ھەقىقەت ئىزلەش روھى، قىممەت قارىشى، مىللەت قارىشى، ئىسلاھات قارىشى، بازار ئىگىلىكى قارىشى ۋە كۈرەش نىشانىسى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەشتە باشقا ھەر قانداق پەن بۇ دەرسنىڭ يېتەكلەش، تەربىيىلەش رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ.

سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئوۋەتتىكى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىش لازىم.

چۈنكى، بىرىنچىدىن، 1985 - يىلى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىنغان دەرسلىكتە دەرسلەرنىڭ تىپىسى ۋە كۆلىمى ئىسلاھ قىلىنىپ، مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىنمىغان. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئىسلاھات لۇشيەنىنى؛ نەزەرىيە ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى سىياسىي نەزەرىيە دەرسلەردە گەۋدىلەندۈرۈلمىدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشى، تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدىكى تەربىيىمۇ يېتەرلىك بولمىدى. شۇنداقلا دەرسنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى يېڭى ئىدىيىۋى يۈزلىنىشكە بىرلەشتۈرۈشمۇ يېتەرلىك بولمىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىسلاھات جەريانىدا پارتىيىنىڭ يەنە تۇرغۇن نەزەرىيە، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى ئىلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە يۈكسەك باھا بېرىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە چاقىردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكنىڭ ئەڭ يېڭى مېۋىسى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىلىمىز ئىسلاھاتىدىكى ئورنى ۋە رولىدىن ئېيتقاندا بۇ نەزەرىيىنى تېزدىن ئەتراپلىق ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئىسلاھات لۇشيەنىنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئالدىن بېيىپ تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ كەلگۈسىدىكى باشلامچىلىرى ۋە تايانچىلىرى بولۇشتەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، سىياسەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقا ئاساس سېلىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا ۋەزىيەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بولۇپمۇ 70 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كۆپ قىسىمنىڭ ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى بىلەن سوتسىيالىزم تارىخىدا ئېغىر ئاچچىق ساۋاق مەيدانغا كەلدى.

دۇنيا ۋەزىيىتى ئىككى قۇتۇپلىشىشتىن كۆپ قۇتۇپلىشىشقا يۈزلەنمەكتە. ئۇرۇش ئوتى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، ئاچچىق ساۋاقلىرى ۋە يۈزلىنىشى ھەققىدە تەربىيە

ئېلىپ - بېرىش — ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تۈپتىن كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچىدىن، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەن تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېلىمىز پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق ئىز باسارلىرى. ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېلىمىزنىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىمىزنىڭ ھازىرقى پەن - تېخنىكا ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن بولغان پەرقى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ — ئېلىمىزدە پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

مانا بۇلار ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسىدىن ئىبارەت ئوقنى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت نىشانغا دەل توغرىلاپ ئېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تۈگۈن ۋە مۇھىم نۇقتا نېمە؟ تۈگۈن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتا ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش - ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپى. ماركسىزمنى ئۆگىنىش ۋە ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ۋە تۈپ ئۇسۇلى. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتى، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋاللىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش، بولۇپمۇ خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنى پەرق ئېتىش ۋە توسۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، كوللېكتىپىزملىق تەربىيە ۋە دۆلەت ئەھۋالى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش روھىنى تۇرغۇزۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلىلەر ئاساسىدا سىياسىي نەزەرىيە دەرس مەزمۇنلىرىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئىچىدىكى ھەر قايسى پەنلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

«جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» ماركسىزمنى جۇڭگوغا تەتبىقلاشنىڭ مەنتىقىسى ۋە جەريانى. ئۇ: «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسىنى يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى تەربىيىسىنى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش» (جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىن)تىكى بىردىن - بىر دەرس. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات لۇشيەنى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تېز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىسلاھ قىلىش لازىم.

«ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» دەرسى، ماركسىزمنىڭ تۈپ ئۇقتىشي نەزەرلىرىنى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان ھالدا ئىسلاھ قىلىنىش لازىم.

«ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» دەرسى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون ئالاھىدىلىكىنى بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ساۋاقلىرىنى تېز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىسلاھ قىلىنىشى لازىم.

«سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى» دەرسى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
(ئاخىرى 11 - بەتتە)

# بز تۇرۇۋاتقان تارىخي دەۋر

مۇسا روزى

دەۋر، ئنقلاب، ئۇرۇش ۋە تنچلق، تنچلق ۋە تەرەققيات قاتارلق مۇهم مەسلەلەر ئۇستدە توغرا هۆكۈم چقرىش پارتيينڭ توغرا ستراتېگيە، تاكتكا، فاڭجېنلارنى بەلگلشدە ئنتاين مۇهم ئەهميەتكە ئگە. بۇرۇن لېنن ۋە باشقا ماركسزمچلار مۇشۇ مەسلەلەر ئۇستدە توغرا هۆكۈم چقارغان، بۇ هۆكۈملەر هالقلق پەيتلەردە مۇهم رول ئوينغان، ئنقلاب ئشلرىنى ئلگرى سۈرگەنتى. هازر بۇ مەسلەلەر ئۇستدە، بولۇپمۇ دەۋر توغرىسدا توغرا تونۇشقا كېلش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇهتتا، مەملكتمز خەلقى، جۈملدىن كەڭ پارتيە ئەزالرىنڭ سوتسيالزم، كوممۇنزمغا بولغان ئېتقادىنى كۈچەيتشتە يېتەكچى خاراكتېرلك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇ مەسلە توغرىسدا توغرا چۈشەنچگە ئگە بولۇشنى ئلگرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ هەقتە قسقچە چۈشەنچە بېرىمز.

«دەۋر» بۇرۇنقلار هەر تەرەپلمە ئشلتپ كەلگەن ئوقۇم. ماركسزمچلارنڭ دەۋر قارىشى مۇنداق: برىنچى، سياسي تارىخي دەۋر. ئجتمائي تۈزۈمنڭ ئۆزگرىشى، سنپىي مۇناسۋەتلەرنڭ ئۆز ئۆرمۇشى ۋە هەر قايسى سنپنڭ دەۋرنڭ مەركزىگە ئايلانغانلقى، دەۋرنڭ ئاساسي مەزمۇنى، تەرەققياتنڭ ئاساسي يۆنلشى ۋە دەۋرنڭ ئاساسي ئالاهىدلكنى بەلگلەيدۇ. بۇ يەردە ماركسزم كۆزدە تۇتۇۋاتقان دەۋر بر زور تارىخي تەرەققيات باسقۇچغا تەئەللۇق سياسي مەزمۇن، سياسي تارىخي دەۋرنى كۆرستدۇ. ئككنچى، چوڭ دەۋر. بۇ يەردە ماركسزم كۆزدە تۇتۇۋاتقان دەۋر، تارىختا بارلق ئلغار سنپلار ئاچقان بر زور تارىخي دەۋر — چوڭ دەۋرنى كۆرستدۇ. بر چوڭ دەۋر بر نەچچە تەرەققيات باسقۇچنى ئۆز ئچگە ئالدۇ، بۇ تەرەققيات باسقۇچلرىنى كچك دەۋر دېيشكە بولدۇ.

چوڭ دەۋر ئۇقۇمى نۇقتىسدىن قارىغاندا، بز هەم تارىخي تەرەققياتنڭ ئومۇمي يۈزلنشى ۋە ئومۇمي يۆنلشىنى ئايدڭلاشتۇرۇۋالايمز، بزنڭ سوتسيالزم، كوممۇنزمنڭ غەلبسگە بولغان ئشەنچمز مۇستەهكەملندۇ، هەم بز دەۋرنڭ باسقۇچلۇق ئۆزگرىشنى بۇ ئۆزگرىشنڭ خۇسۇسيىتنى ئگلەپ، ئۆز ۋاقتدا ستراتېگيە ۋە سياسەتلرىمزنى تەڭشەلەيمز. ئۇنڭ ئەكسچە، كچك دەۋرگە ئېسلۋېلپ، چوڭ دەۋرنى ئنكار قلساق، ئالايلۇق، هازرقى ئەمەليەتنى تنچلق، تەرەققيات دەۋرى دەپ قارىغنمزدا، كچك دەۋرنڭ بەزى ۋاقتلق يۈزەكى هادسلرى چوڭ دەۋرنڭ ئاساسي ئېقمنى يېپۋالدۇ - دە، نشاندن ئادشپ قالمز، نشاندن ئېغپ كتمز.

دەۋر بر ئۇزۇن تارىخي دەۋردىكى دۇنيانڭ ۋەزىيتى ۋە تەرەققيات يۈزلنشنڭ ئېخمۇ چوڭقۇر قاتلاملرى توغرىسدىكى ستراتېگيلك هۆكۈم. دەۋرگە توغرا هۆكۈم قلش ماركسزملق پارتيينڭ توغرا ستراتېگيە، تاكتكا، فاڭجېن ۋە پروگرامما، لۇشيەن تۈزۈمنڭ توپ ئاساسى.

بزنڭ ئېيتۋاتقنمز «تارىختكى چوڭ دەۋر». هازر بز تۇرۇۋاتقان دەۋر — ئۆكتەبر ئنقلابى ئېچپ بەرگەن ئنسانيەت كاپتالزمدن سوتسيالزمغا پەيدنپەي ئۆتۈۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋرنڭ باشلنش ۋاقتى ۋە باشلنشى كاپتالزمدن جاهانگرلككە ئۆتۈش بولماستن، بەلكى 1917 - يلدىكى ئۆكتەبر ئنقلابىدۇر. كاپتالزم تەرەققياتدا بولغان باسقۇچلۇق ئۆزگرىشنى «ئنسانيەت تارىخدا يېڭى ئەسر» ئېچپ بەرگەن ئۆكتەبر ئنقلابى بلەن سېلشتۇرۇش، تارىخي ئەهميتدن ئېيتقاندا، زادلا مۇمكن ئەمەس. ئۆكتەبر سوتسيالستك ئنقلابى ماركسزم بايرىقى ئاستدا كوممۇنستك پارتيينڭ رەهبەرلكدە كەڭ ئامما ئېلپ بارغان بر قېتملق چوڭقۇر سوتسيالستك ئنقلاب. دۇنيانى زلزلگە كەلتۈرگەن بۇ ئنقلاب، دۇنيانڭ 6–1

www.uyghurkitap.com



قىسىم زېمىندا كاپىتالىزمدىن ئىبارەت كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا پەيدىنپەي ئۆتىدىغان ئۇلۇغ مۇساپىگە قەدەم قويدى.

سوتسىيالىزم مۇشۇ ئەسىردە ئىككى قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى: ئۆكتەبر ئىنقىلابى غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى بىر قاتار دۆلەتلەر سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى تارىخ بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن كۆپ دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە ئۆتىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان تارىخ ئىسپاتلىدىكى، دەۋرىمىز دۇنيا مىقياسىدا كاپىتالىزمدىن پەيدىنپەي سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش دەۋرى.

ھەر قانداق دەۋردە، ئايرىم ھالدىكى، قىسمەن، ۋاقىتلىق، چېكىنىش - ئىلگىرىلەش بولۇپ تۇرىدۇ. ئاساسىي ئېقىمغا قاراش كېرەك. سوتسىيالىزم تەرەققىيات جەريانىدا ئوڭۇشسىزلىققا ۋە ئەگرى - توقايلىققا دۇچ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «نىزامنامە»دە كۆرسىتىلگەندەك: «سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئەگرى توقايلىق ۋە تەكرارلىنىش بولىدۇ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ چوقۇم كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى — جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشى» (1)

قىسقىسى، ھازىر يەنىلا دەۋر يۆنىلىشى ئۆزگەرمىدى.

مۇشۇ دەۋر يۆنىلىشىنى بويلاپ، ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ بىر يەر شارىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پۈتكۈل بىر تارىخىي دەۋر بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق بولۇشىنى پەرەز قىلىش قىيىن. لېنىن ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا، سوتسىيالىزمنىڭ بىر دۆلەتتە ئالدى بىلەن غەلىبە قىلغىنىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تىنچ بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەلىبە قىلغان سوتسىيالىستىك دۆلەت بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغان ئىدى. كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي جەھەتتە تىنچ بىللە تۇرۇشى ئىقتىسادىي جەھەتتە تىنچ مۇسابىقىلىشىشى ھەم ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولۇشتەك بىر تەرىپى، ھەم ئۆز ئارا كۈرەش قىلىش تەرىپى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن، بىر - بىرىنى چەكلەپ قاقىدۇ، ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ مەنبەسى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىدە. بۇ ئۆز ئارا كۈرەش قىلىش تەرىپى ئۆۋەتتە ئاساسلىقى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ، كېيىنكى تەرەپنىڭ ئاساسىي كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا باغلىنىش، ئۆز ئارا ئالاقە بولغانلىقىدا، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش سوتسىيالىستىك ئەللەر بىلەن كاپىتالىستىك ئەللەر تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر شەرتى.

سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشى كۈرەشسىز ئۆتمەيدۇ. ئىككى خىل تۈزۈم «تارىخىي خاراكتېرلىك مۇرەسسە»دە تۇرماستىن، بەلكى خۇددى بەيگىدىكى ئىككى ئاتتەك تارىخىي خاراكتېرلىك رىقابەتتە تۇرماقتا. سوتسىيالىزم خەلقئارالىق رىقابەت مۇھىتىدا تۇرماقتا. ئۇنداق دېگەنلىك ئىككى تۈزۈم مۇسابىقىلىشىۋاتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مۇسابىقىلىشىش ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش بىلەن كەينىدە قېلىش مەسىلىسى. رىقابەتلىشىش بولسا ھايات - ماماتلىق مەسىلىسى. دۇنيانىڭ چوڭ ئېقىمى تۇرۇش ۋە ئىنقىلابتىن تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا بۇرۇلۇش بولغاچقا، ئىككى خىل تۈزۈم رىقابىتىنىڭ مۇھىم ئۆتكىنى ھەربىي. ئىشلار ساھەسىدىن ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىگە پەيدىنپەي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا ئامىللىرىنىڭ رولى

(1) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ نىزامنامىسى»، شىنجاڭ گېزىتى، ئۇيغۇرچە، 1992 - يىل 23 - ئۆكتەبر سانىدىن

كۆپەيسە، ھەربىي ئىشلار ئامىللىرىنىڭ رولى ئازىيىپ بارىدۇ. بۇ كېيىن ھەربىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. سوتسىيالىزم رىقابەت جەريانىدا رەقىبى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشى، ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى، جۈملىدىن، بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچى — پەن - تېخنىكىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى باشلىنىش ئۇقتىسى قىلغان بۇ دەۋرىمىز ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب ياكى تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى دۇنيادىكى ئاساسىي تېما قىلغان دەۋردىن ئىبارەت. ئۇزۇنسىغا قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىردە دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. 70 - يىللارنى چېگرا قىلىدىغان بولساق، ئالدىنقى باسقۇچتىكى يۈزلىنىش ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب بولدى. كېيىنكى باسقۇچ ئېقىمى تىنچلىق، تەرەققىيات، ئالدىنقى باسقۇچ بوران - چاپقۇنلۇق دەۋر ئىدى. 70 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابنىڭ بوران-چاپقۇنى ئۆتۈپ كەتتى. دۇنيانىڭ چوڭ ئېقىمى تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا يۈزلەندى. 80 - يىللار ۋە 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دۇنيادا تېخىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھنىڭ قارشىلىشى تۈگىدى، ئىككى قۇتۇپلۇق تۈزۈلمە ئاياغلاشتى، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ راۋاجلانماقتا. يولداش جياڭ زېمىن 14 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسەتكەندەك: بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە تىنچ خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن. تىنچلىق، تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاساسىي تېما، تىنچلىق، تەرەققىياتقا مۇھتاج.

قىسقىسى، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — دەۋرىمىزدە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى. ئۇنى پەقەت تەرەققىيات ئارقىلىق ئورۇندىغىلى بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا، سوتسىيالىزم جەزمەن ھەر قايسى ئەللەر خەلقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان، ئۆز ئېلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يول بىلەن پەيدىنپەي غەلىبە قىلىدۇ. ئىستىقبالىمىز پارلاق!

---

بېشى 8 - بەتتە

ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىسلاھ قىلىنىشى لازىم. لېكىن ھەر قايسى پەنلەرنى شۇ پەنلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ كەڭ ئىزدىنىپ ئىسلاھ قىلغان ياخشى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى»نى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىچىدىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق دەرس قىلىپ تەسىس قىلىپ تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە «گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، شەنجېن رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى»، «ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى پەن تېخنىكا ئەھۋالى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئىستىقبالى» قاتارلىق پەنلەرنى تەسىس قىلىپ، سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ تولۇقلانمىسى قىلىش لازىم. بۇلار مەيلى ئومۇمىي سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قاتارىدا زۆرۈر ئوقۇشلۇق ياكى تاللانما دەرس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىسۇن، يەنىلا سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋەزىيىتىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقىلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىزلىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەسەۋۋۇرلاردۇر. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىنى مۇكەممەل بولدى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بەلكى يەنە داۋاملىق ئىزلىنىشكە ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىچكى تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى سىياسىي نەزەرىيە دەرسىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئومۇمىي ئىسلاھاتنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتەك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھاتنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە

مەمتىمىن يۈسۈپ

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئادەم بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى سادىدا دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە دۆلەتشۇناسلىق مەسىلىسىگە ئائىت تۆۋەندىكى ئۈچ پىكىرنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان: (1) قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. (2) دۆلەتنى بىلىملىك ئادەملەر قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش كېرەك. (3) خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق- پەزىلەتنىڭ بولۇش- بولماسلىقى- پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق نورمىلىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك.

«قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنىڭ بىر-بىرىگە بولغان باغلىنىشى بىر گەۋدە قىلىنىپ، ئۇنىڭ زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆتكۈر تىل، يۇقىرى ماھارەتلىك ئەدەبىي شەكىل ۋە كىنايە ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن. لېكىن، بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنى تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىق ئالىملارمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمىي سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ قويالمىغان ئىدى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇن بىلىك»تە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن.

ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817. كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم ،

يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونقىم.

818. ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،

بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

شۈبھىسىزكى، قانۇن- دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر خىل ۋاستە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل ـ ئىجتىمائىي ئادالەتنى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئادىل قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىش نۇقتىئىنەزەرىدۇر. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئىجرا قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى، شۇنداق شارائىتنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «قانۇن ھۆكۈمدارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھۆكۈمدار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر» . لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىتتۇر، - پلاتون «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئازاد) ئادەمگە تېخىمۇ كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ، ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدۇ ۋە ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ»[1] دەيدۇ. ئارىستوتېل: «قۇللار ئەملى ھايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىلىسىنىڭمۇ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ. قۇللار مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىننىڭ مۈلكى ھېسابىغا كىرىدۇ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇش تەبىئىي ئەھۋال. بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىش، بەزىلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان» دەيدۇ.[2] پروفېسسور كافسوغلۇ: «ھالبۇكى، پلاتون «دۆلەت» ناملىق كىتابىدا قۇللۇقنىڭ زۆرۈرىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن ھالەت ئىكەنلىكىنى ياقلايدۇ»[3] دەپ كۆرسىتىدۇ. س. م. ئارسال

---

[1] پلاتون: «دۆلەت» تۈركچە تەرجىمىسى 1 - توم، 31 - بەت.
[2] ئاشىنىل: «قەدىمكى يۇناندا سىياسىي چۈشەنچىلەر» تۈركچە تەرجىمىسى، ئىستانبۇل نەشرى، 163 - بەت.
[3] كافسوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 1980 - يىل نەشرى، 25 - بەت.

«فارابىنىڭ ئېسىل جەمئىيەت ۋە سىياسەت ھەققىدىكى پىكىرلىرى «ئەل مەدىنەتۇل پەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر)دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، فارابى پلاتون بىلەن ئارىستوتېلغا ئەگىشىپ ماڭغان. بولۇپمۇ پلاتوننىڭ «دۆلەت» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلانغان»[1] دېيىلدۇ. م. روزىنتال، پ. يۇدىن: «پلاتون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 427 ـ 347) سوكراتنىڭ شاگىرتى، ئوبيېكتىپ ئىدىئالىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئافىنا ئارىستوكراتىيىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭچە ئەبەدىي ئۆزگەرمەس غايىۋى دۇنيا ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزگىرىشچان، ۋاقىتلىق، سېزىپ ئېلىشقا بولىدىغان دۇنيا ـ غايىۋى دۇنيانىڭ سايىسىدۇر» دېيىلدۇ.[2] بۇ مىساللاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭقانۇن، ئادالەت، ھەقىقەت مەسىلىلىرىدە ھەرگىزمۇ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ياكى شاگىرتى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ، دانىشمەنلىرىنىڭ، خان ـ پادىشاھلارنىــــڭ، نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشتەك ئىلاھىيلاشتۇرۇش پەلسەپىسىنى رەت قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى ئەقىدە كىتابلىرىنى ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۇلار خان ـ پادىشاھلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئالدىدا بەگ، قۇل، كەمبەغەل دېمەي ئادىل بولۇشنى ئۆلچەم قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە دائىر ئىدىيىسىنى تارىختىكى ھەر خىل «قانۇن پەلسەپىسى» ئەسەرلىرىنى يازغان پەيلاسوپلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت پەرقنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەت، قانۇن، دۆلەت، ھاكىمىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ۋە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەلپىگە يارىشا توغرا ھەل قىلالىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تاللاشتا ئۇلارنىڭ ئېتىقادى چىڭ، زاتى ئېسىل، تىلى پىششىق، بىلىملىك، پاراسەتلىك، مۇلايىم بولۇش لازىم، دېگەن شەرتلەرنى قويىدۇ. ئۇ ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئېتىقادچىلىقى ئۇنىڭ پەلسەپىلىك ئىدىيىسىدە مەلۇم ئورۇن ئالغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا ئۆزىنىڭ دۆلەتنى تۈزۈش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ يوللىرىنى پۈتۈنلەي شەرىئەتنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە باغلاپ قويمىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدا ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا دىندىن ئاجراپ كېتەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، پەلسەپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ دىندىن ئاجراپ چىققانلىقى ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا پەيدا بولغان. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونا بىر دەۋردىن يېڭى بىر دەۋرگە ئۆتۈشتىكى مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، پەلسەپە دىن بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن، پەلسەپىنىڭ راۋاجلىنىشى دىندا مەلۇم ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنى دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تارىختىكى پەلسەپە تەرەققىياتىنى دىندىن پۈتۈنلەي ئاجرىتىپ تاشلاپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، دىنمۇ ئۆز ئالدىغا بىر خىل دۇنيا قاراش. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان شۇ تارىخىي دەۋردە ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. شۇنداقتىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېبىقىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ـ مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينىغان. مۇشۇنداق تارىخىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

---

[1] س. مەقسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇقى» 1947 ـ يىل نەشرى، 119 ـ بەت.
[2] م. روزىنتال. پ. يۇدىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» 1973 ـ يىل نەشرى، 33 ـ بەت.

ئۇنتېۋرا ئەسىرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرلىرىدىمۇ دۇنيانىڭ مەنبەسى نېمە؟ روھمۇ ياكى ماددىمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە پەيلاسوپلار ئىككى لاگىرغا ئايرىلغان ئىدى. مەسىلەن، پېيىر ئابىيار (1079 — 1142) نومىنالىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە نومىنالىزم تەرىپىدە تۇرغان. نومىنالىزم — مەۋجۇدىيەت بىرلەمچى، تەپەككۇر ئىككىلەمچى دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. دەل مۇشۇ كۈرەشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولغان رېئالىزم بولسا، تەپەككۇر بىرلەمچى، مەۋجۇدىيەت ئىككىلەمچى دەپ ھېسابلايتتى. دېمەك، 10 -، 11 - ئەسىرلەردە روھ بىلەن ماددىنىڭ قايسىسى دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن مۇنازىرىمۇ داۋام قىلغان. شۇ دەۋردىكى نام ئەلاچىلىقنىڭ «چىن ئەلاچىلىقى»غا قارشى كۈرىشى بىر قانچە ئەسىر داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ كۈرەش نەتىجىسىدە مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ پارچىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن ۋە ماتېرىيالىزمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلگەن ئىدى. لېنىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى» بىلەن چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ توپ مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا ئىكەنلىكىنى «قۇتادغۇبىلىك»تە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان شۇ ئەسىردىكى «نام ئەلاچىلىقى»ئېقىمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا خۇداغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام نۇقتىئىنەزىرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساددا ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. شۇنداقلا ئۇ خۇدا ھەممىگە قادىر دېگەن ئېتىقاددا بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆز ئەسىرىدە ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ماددىي دۇنيا بولمىغان بولسا ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپكى دۇنيا قارىشىنى ئۇنىڭدىن 6 - ئەسىر كېيىن ياشىغان بەزى ئالىملارمۇ پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەكىتلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن، كلودئادريان گېلۋېتسى (1715—1771)، پەقەت ماددىي نەرسىلەرلا ھەقىقىي مەۋجۇتتۇر، دەپ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان. ئۇ، مېڭىدە پەيدا بولغان تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىلەر ماددىي نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان[1] بۇ ئىككى ئالىمنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە ئوخشىمىغان پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ماددىنىڭ بىرلەمچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىق بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئاسترونومىيە، تەبىئەت ئىلمىي ئاساسىدا سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

134. تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يىقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

137. بۆلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار، [2]
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

ئۇ، بۇ يەردە سەييارىلارنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىشتىن تاشقىرى، ئالەم بوشلۇقىنى 12 بۇرجقا بۆلىدۇ. مەسىلەن، ① قوزا (ھەمەل)؛[3] ② ئۇي (سەۋر)؛ ③ قوچىق (ئەسەد)؛ ④ ئەرمنتر (جەۋزا)؛ ⑤ ئارسلان (سۇنبۇل)؛ ⑥ بوغداي بېشى (سەرەتان)؛ ⑦ ئۇلگى (مىزان)؛ ⑧ چايان (ئەقرەپ)؛ ⑨ يا (ھۇت)؛ ⑩ ئوغلاق (قەۋس)؛ ⑪ كۆنەك (جەدى)؛ ⑫ بېلىق (دەلۋە).

بۇ 12 بۇرجنى ئۈچتىن تۆتكە ئايرىپ چىقىدۇ.

142. ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر، ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دېيىش ئارقىلىق ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنى ئايرىيدۇ.

---

[1] «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە» 1955 - يىل نەشرى، 24 - بەت.
[2] يالچىق - (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاي.
[3] ھەمەل، سەۋر، جەۋزا - باھار بۇرجى؛ ئەسەد، سەرەتان، سۇنبۇل - ياز بۇرجى؛ قەۋس، مىزان، ئەقرەپ - كۈز بۇرجى؛ جەدى دەلۋە ھۇت - قىش بۇرجى.

دېمەك، 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيە توغرىسىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. نىكولاي كوپېرنىك (1473 ـ 1543) ئۇلۇغ پولەك ئاسترونومى، ئۇ، يېڭى دۇنيا سىستېمىسى دۇنيانىڭ گېلدسېنترىك سىستېمىسى (قۇياش مەركەز بولۇپ، بارلىق پلانېتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ) دېگەن نەزەرىيىگە ئاساس سالغۇچىدۇر.

بىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئاسترونومىيە كۆز قارىشى كوپېرنىك تەلىماتىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن بولسا، 1548 ـ يىلدىن 1600 ـ يىللاردا ياشىغان برونو ئاسترونومىيە كۆز قارىشىدا كوپېرنىك تەلىماتىنى ئاساس قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ «مۇتلەق روھ» پەلسەپىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئېخمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 1674— 1681 ـ بېيىتلىرىدا: «ئادەم ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، بىلىملىك بالا تۇغىدىغان ئانىمۇ يوق؛ بالا ئانىدىن بىلىمسىز تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆگىنىپ ئاندىن بىلىملىك بولالايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، قانۇن توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە «مادىدا مەنبە» قارىشىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3500 ـ يىللاردىن باشلاپ مىلادىدىن كېيىنكى 1778 ـ يىللارغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ تۆۋەندىكى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ:

(1) پلاتوننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 381 ـ يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 369 ـ يىللار ئارىلىقىدا يازغان «دۆلەت» ياكى «جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئەسىرى بىلەن؛

(2) مارچوس تيۇس marcostiins (106 ـ 42) نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 51 ـ يىللىرى يازغان «جۇمھۇرىيەت ئۈستىگە» دېگەن دىئالوگلۇق ئەسىرى بىلەن؛

(3) توماس مور Sirthosmamor نىڭ 1516 ـ يىللىرى يازغان «ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت قۇرۇمى» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(4) جون ۋالېنتىن Jhonwalentin (1586 ـ 1654) نىڭ 1619 ـ يىلى يازغان «خرىستىئان شەھىرى»، «جۇمھۇرىيەتنىڭ پۈتۈنلىششى» دېگەن ئۇتوپىيىسى بىلەن؛

(5) ئىتالىيان پەيلاسوپى كامپانىللا Tom masocampauet (1568 ـ 1639) نىڭ 1623 ـ يىلى يازغان «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئۇتوپىيىسى بىلەن؛

(6) بېرناردىي ماندۋىللى mandeville Bernardde (1670 ـ 1733) نىڭ 1714 ـ يىلى يازغان «ئىنسانىي پەزىلەتسىزلىكلەر، ئىجتىمائىي يارامسىزلار» دېگەن شېئىرىي ئەسىرى بىلەن؛

(7) مەشھۇر ئىنگلىز يازغۇچىسى درسامۇ ئېل جونسون Drsamneljhonson (1709 ـ 1784) نىڭ 1759 ـ يىلى يازغان «راسلاش ئىتلوفىنە فەرمىنسى» ناملىق پەلسەپىلىك رومانى بىلەن؛

(8) لويىس سېباستىن مېرچېر (1740 ـ 1814) نىڭ 1770 ـ يىلى يازغان «ئەگەر ھەقىقەتەن ئۆتكەن بولسا بىر چۈش» ناملىق بىر خىيالىي تەتقىق كىتابى بىلەن؛

(9) جېئان باد تىستېئى JeanBadtiste (1767 ـ 1832) نىڭ 1800 ـ يىلى يازغان «بىر ئەلنىڭ قانۇنىنى تۈزىتىش چارىلىرى ئۈستىدە سىناق» دېگەن ئەسىرى بىلەن؛

(10) تودۇر ھېرزىل ThodorHerzl (1860 ـ 1905) نىڭ 1902 ـ يىلى يازغان «ئەسكى يېڭى يۇرت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(11) 1082 ـ يىلى پارسچە يېزىلىپ، 1431 ـ يىلى سۇلتان مۇرات 11 نىڭ تەلىپى بويىچە مەرجىمەك ئەخمەت تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان 44 بۆلۈملىك «قابۇسنامە» (بۇ ئەسەر ئەخلاق، جەمئىيەت ئىلمى، ئويۇن، ئىشق، مائارىپ، تىجارەت، تېۋىپلىق، ھۈنەر، ئاسترونومىيە، شېئىر، مۇزىكا، ساراي ساياھىتى ۋە ئىدارە قىلىش بىلىمى، نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بىلەن؛

(12) ئەنگلىيىلىك سالىس بۇرى جون SalisBuryjkon (1180 ـ 1179) يازغان «پولىس راتسوس» ناملىق ئەسەر

(بۇنىڭدا ساراي پەزىلەتلىرى ۋە سىياسەت قوراللىرى مەزمۇن قىلىنغان) بىلەن؛

(13) جېئان بودىن JeanBoden (1530 ـ 1596) فرانسۇز پەيلاسوپىنىڭ «ئالتە كىتابتا جۇمھۇرىيەت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(14) ئىسپانلىق مەشھۇر يازغۇچى فرانچىچوۋ قېۋېدوۋېي ۋىللىگىم villegasuepranciscoqueredo (1580 ـ 1648) نىڭ 1626 ـ يىلى يازغان «تەڭرىنىڭ سىياسىتى» ناملىق ئەسىرى (بۇ ئەسەر دۆلەت سىياسىتىنى تەڭرىنىڭ تۇتۇشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى نۇقتا قىلغان) بىلەن؛

(15) ۋىللىيام بادۋىن بىلەن گېئورگېي پېررېرس Geangifeqrers ۋە WillimBadwin 1559 ـ يىلى يازغان «ئىدارە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەينەك» ناملىق ئەسەر (بۇ ئەسەر تارىختا خاتا ھۆكۈم قىلىش سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن 19 كىشىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ يېزىلغان) بىلەن؛

(16) ئىنگلىز يازغۇچى جون بۇنيان JhonBunyan (1628 ـ 1688) نىڭ 1678 ـ يىلى يازغان «ھاجىپنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا قىلغان سەپىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(17) ۋىللىيام شاك ئىسپىئارى eshearewillimshak (1564 ـ 1616) نىڭ 1601 ـ يىلى يازغان «ھاملىت» ناملىق ئەسىرى بىلەن؛

(18) فىردەۋسى Ferdevsi (940 ـ 1020) نىڭ 980 ـ 1010 ـ يىلغىچە يازغان «شاھنامە» (sahname) ناملىق ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ.❶

بىز «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالالايمىز.

## 2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھەر تەرەپتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىلار ھاكىمىيىتى ھەسەن بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللەرگە كەلگەندە، مەدەنىي گۈللىنىش بىر قەدەر ئەۋج ئالغان، جۈملىدىن سۇڭ سۇلالىسى بىلەنمۇ مەدەنىي ئالاقە كۈچەيگەن ئىدى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، مىلادى 10 ـ ئەسىرلەردە قاراخانىلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى كۈچلۈك ئىدى. ئىقتىسادىي جەمئىيەتكى بۇ خىل بېرىپ ـ كېلىشلەر، مۇقەررەر ھالدا ئىدېئولوگىيە ۋە پەلسەپە كۆز قاراش جەھەتتىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

ھازىر شىنجاڭنىڭ 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرىدىكى تارىخى، شەرقتە تۇرپاندىكى قاراخوجىنى، شىمالدىكى بېشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە غەربىي ـ جەنۇبتا قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەنلىكى؛ قاراخوجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەمئىيەتلەردە بىر ـ بىردىن پەرقلىنىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەمئىيەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ جەمئىيەتكى ئەھۋاللار.شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1960 ـ يىلدىن 1279 ـ يىلغىچە) دەۋرى داۋامىدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ دەۋردە زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يەنە باشقا ئالىملار، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەر جەمئىيەتتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپتا، تەبىئىيكى، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بولۇش بىلەن بىللە، قەدىمكى خەنزۇ پەيلاسوپلىرىنىڭمۇ تەسىرى بار. مەسىلەن، 11 ـ ئەسىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ئەرەب ساياھەتچىسى شەرەپ ئەل زامان تاھىر مەرۋىزى: «ئەرەب سودىگەرلىرى دائىم دېڭىزدەك جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلاتتى. ئۇلار بۇرۇن خوراساندىلا توختار ئىدى. ئۇممەۋىيە خەلىپىلىكى (بۇ، مىلادى 661 ـ يىلى سۈرىيە شام ۋالىيسى مائاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەب خەلىپىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋە ئېغىر فېئوداللىق زۇلۇم ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈلگەن، ئاخىرى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئارقىسىدا مىلادى 750 ـ يىلى ئاببا سلار

❶ 18 نەپەر ئالىم ۋە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئا. دىل ئاچارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 900 يىللىقىغا بېغىشلاپ نەشر قىلدۇرغان «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى (ئەنجۇمەنلەر)» نىڭ 172 ـ 185 ـ بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

تەرپىدىن ئاغدۇرۇلغان)نىڭ زىيانداشلىقى بىلەن يېقىن شەرققە يۈزلىنىپ، جۇڭگوغا كېلىدىغان بولدى. شۇ چاغدىكى قاراخانىلار بىلەن سودا قىلغانلىق ئۈستىگە ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭمۇ سودا قىلىشىغا ۋاستە بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان» دەيدۇ. ❶ پەلسەپە جەھەتتە، فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن خەنزۇلار بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قويۇقلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئىچىگە شۇ چاغدىكى خەنزۇ فېئوداللىق ئىدىيىسىمۇ سىڭىشكە باشلىغان. مەسىلەن، تەڭرى بىلەن ئادەم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، ۋاپاغا ۋاپا، جاپاغىمۇ ۋاپا، ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ۋەھاكازالار» ❷ دەيدۇ.

## 3

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم» ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك - ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر» دېگەن كۆز قارىشى «قۇتادغۇبىلىك»تە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇئەللىپ: «كىشى شۇنداق توغرا بولۇشى كېرەككى، خەلق ئالدىدا يۈرىكىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسە، ئاندىن ئەخلاقلىق ھەققىي ئادەم بولىدۇ؛ بىلىم ۋە ھەققىي ئەخلاق چوڭقۇر ئەقىلدىن كېلىپ چىقىدۇ» دەيدۇ. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ تارىخىي دەۋردىكى پادشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان قەسىدىخان، ساراي شائىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ۋە ۋەتەنپەرۋەردۇر. بۇ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىر قەدەر تىنچ مۇھىتقا كۆچكەن، بولۇپمۇ، ئۇ ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇ ئۈچ تەرەپكە مەركەزلىشىدۇ: ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچەيگەن؛ شامان، مانىي، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە ئۇ زور سالماقنى ئىگىلىگەن؛ تىل - يېزىق، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلاتسىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانىغا كەلگەن دەۋر ئىدى.

ئىلىم - پەنگە مۇھتاج بولۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئەللىرى X X ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دۆلەتلىرىنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەمما، 11 - ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىلمىي سۆزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى كىشىلەرنى بىئىختىيار تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىمدىن ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەبلەرنى بىلىم - مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ خەلقكە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ، بىلىملەر ئىچىدە ھەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساھە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، ھېساب، ئەدەبىيات ۋە باشقا ھەر خىل تىل ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر ھۆكۈمرانلار بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا، 1214 - يىلى ۋە 1294 - يىللاردا ئۆتكەن ئىنگلىز مۇتەپەككۇرى روجېر بېكونمۇ «بارلىق ئىلىمنىڭ مەقسىتى - ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ ❸ ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۇلىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ توغرىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدىمۇ بىرى - بىلىم، يەنە بىرى - بىلىمنىڭ قىممىتى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە بىز مۇنۇ بېيىتلارنى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە قىلىدۇ:

2603. ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،

208. بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭ قىل.

208. پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپىئى ئۇل،

---

❶ ئەرەب ساياھەتچىسى مەرۋەزىنىڭ «جۇڭگو، تۈرك، ھىندىستان توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ 17 - بېتى.
❷ فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇماتلار» 81 - بەت
❸ «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە؟» 1955 - يىل نەشرى، 29 ـ، 26 - بەتلەر.

بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول. .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلار ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يۈكسەك باھا بەرگەن. قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ بىلىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، نادانلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەر يىرگىنىدىغان قەبىھ نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى جەمئىيەت، خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، ئۇ خۇددى سايىنىڭ تېشىغا ئوخشاش قەدىرلەنمەيدىغانلىقىنى، گويا ئىپار ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقىنى يوشۇرالمىغىنىدەك، بىلىممۇ ئۆزىگە خاس نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بەخت ـ سائادەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. ھەتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان دىپلومات خادىملارنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىپلوماتنىڭ ئەلچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا بايان قىلغان:

2633. ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2636. پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

دېمەك، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم، ئەقىل ـ ئەخلاق، پەزىلەت قاتارلىق مەسىلىلەردىكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى 85 بابقا ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭدۈرۈشتىن تاشقىرى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1374 مىسرا بېيىتلاردا ئەڭ پاساھەتلىك ۋە لوگىكىلىق سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلەپ، تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان: ① ئىلىمنى بۈيۈك، ئاڭنى ئۇلۇغ بىل؛ ② ئىنساننى ھايۋاندىن ئايرىم قىلغان نەرسە ئىلىم؛ ③ قاراڭغۇ كېچىدە مەشئەلدەك بىزگە نۇر چاچىدىغان ئىلىم؛ ④ پەزىلەتنىڭ بېشى ئىلىم؛ ⑤ پلاتون، فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغان ئىلىم؛ ⑥ پەزىلەتنى تۇغدۇرىدىغان ئىلىم؛ ⑦ ھاياتتا ئەڭ ھەققىي مۇرشىد ئىلىمدۇر؛ ⑧ «تام ئادەم»، «ھەققىي ئادەم»، ھەققەتنى سۆزلىگەن، ھەققەتنى چۈشەنگەن، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكەن ئالىم، ھەققىي ئادەم؛ ⑨ قەدىرلىك ئىنسان بار، بىرى ئالىم، بىرى بەگ، ئۈچىنچىسى ھايۋاندۇر؛ ⑩ تۆت نەرسىنىڭ ئىزىنى ئاز كۆرمە، ئوت، دۈشمەن، كېسەللىك، ئىلىم؛ ⑪ ئىنسان ئەقىل بىلەن يۈكسىلىپ، بىلىم بىلەن چوڭىيىدۇ؛ ⑫ خۇشلۇقنى ئىزدىسەڭ، ئۇ قايغۇ بىلەن بىللە كېلىدۇ، راھەتنى ئىزدىسەڭ، ئۇ مۇشەققەت بىلەن بىللە كېلىدۇ؛ ⑬ ئەقىلنىڭ زىننىتى تىل، تىلنىڭ زىننىتى سۆز، ئىنساننىڭ زىننىتى يۈز، يۈزنىڭ زىننىتى كۆز، ھەممىنىڭ زىننىتى بىلىمدۇر؛ ⑭ ئالىمنىڭ سۆزى ـ بىلىمسىز ئۈچۈن كۆزدۇر؛ ⑮ خۇشال بولمايدىغان ئىنسانلار شۇلاردۇركى، يالغانچىلار، ھەسەتخورلار، ئاچكۆزلەر، ئالدىراڭغۇلار، ھەرقانداق ئىشتا ئاچچىقلىنىدىغانلار، ئىچىملىككە مۇپتىلا بولغانلار، نائەھلى ئوغرىلار؛ ⑯ ئالىمنىڭ سۆزى توپا ئۈچۈن سۇدۇر؛ ⑰ سۆزنى ئەقىل بىلەن سۆزلە ۋە بىلىم بىلەن زىننەتلە؛ ⑱ بىلىمسىزنىڭ ئىبادەت قىلغىنىدىن ئالىمنىڭ ئۇخلىغانلىقىنىڭ ساۋابى تېخىمۇ زور؛ ⑲ دۇنيانىڭ ئۈستى نېمەت بولسا، ئاستى مېھنەتتۇر؛ ⑳ئۆمرۈڭنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈندۇر: تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئاڭنا؛ ㉑ يالغۇزلا ئىبادەتكە تايانماسلىق كېرەك. پايدىسىز ئادەم ـ تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈكتۇر؛ ㉒ ئۈچ نەرسىگە: يانار ئوتقا، ئاقار سۇغا، بەگلەرنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە يېقىن بولما؛ ㉓ ئۈچ نەرسىدىن يىراق بول: بەگدىن، يالغانچىدىن، بېخىلدىن يىراق تۇر؛ ㉔ ئىككى كىشىدىن يىراق تۇر: تۆھمەتچى، چېقىمچى ۋە ئىككى يۈزلىملىك كىشىدىن يىراق تۇر؛ ㉕ ئۈچ تۈرلۈك ئىنسان قەدىرلىك: ئالىم، كۆزى ئۆتكۈر كىشى، ئىقتىدارلىق كىشى؛ ㉖ كىشى سائادەتنى ئۆزىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئون نەرسە كېرەك: تاۋازۇ كۆڭۈللۈك، تاتلىق تىللىق بولماق، ئوششۇقچىلىقتىن ساقلانماق، يامان ئىشلاردىن ساقلانماق، توپلانغان پۇلنى ئۆز ئورنىغا خەجلىمەك، ھاياتتا ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تۈزەتمەك، چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە شەپقەت قىلماق، تەكەببۇرلۇق بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىك، ئىچىملىككە بېرىلمەسلىك، قولى ۋە تىلى بىلەن يامان ئويۇنغا ئارىلاشماسلىق، ھەرىكەتلىرىدە توغرىلىق بولۇش؛㉗ ياخشى ئات قالدۇرماق بولساڭ خەلققە تايان، خەلقنى خۇرسەن قىلىپ ياشات؛㉘ئەگەر بىر ئالىم پەگاھدائولتۇرسا،ئۇ ھالدابۇ پەگاھ ئۈنىڭغاتۆربولىدۇ...❶

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپ شائىرلا ئەمەس، بەلكى رېئالىست مۇتەپەككۇردۇر. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بىر مۇنچە مەسىلىلەردە ساددا ماتېرىيالىزمچە كۆز قاراش تېپىك ھالدا گەۋدىلەنگەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ياشىغان شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ ھەر خىل ئېقىملارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ چىقالىغانلىقتىن، دىنىي كۆز قاراش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرنىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان

❶ «قۇتاغۇبىلىك ئىندىكسى»80 ـ، 81 ـ، 481 ـ، 490 ـ، 470 ـ، 471 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلەر ۋە ئۆزى كۆزەتكەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىرى بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەڭگۈ ھەرىكەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇنداق ھەرىكەت ئەبەدىي - ئەبەد بىرلا دائىرىدە ئايلىنىۋېرىدۇ. ئۇ ھامان بىر خىل نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مۇشۇنداق ئويلاش مۇقەررەر ئىدى، چۈنكى، ئۇ چاغدا قۇياش سىستېمىسىنىڭ پەيدا بولۇشتىكى تەلىماتى تېخى رەسمىي ئىلمىي سىستېمىغا ئايلانمىغان، يەر شارىنىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخى تېخى كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى ۋە ھازىرقى مەۋجۇداتلارنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆزگىرىشتەك تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدىكى قاراش تېخى ئىلمىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 17 - ئەسىردىن ئىلگىرى ھەر قايسى كونكرېت پەنلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل جەريانلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى تېخى ئېچىپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردىكى پەلسەپە بارلىق كونكرېت پەنلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچى «پەنلەرنىڭ پىنى» سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ئومۇمىي قىياپىتى بىلەن بىر پۈتۈنلۈكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر ۋە خىيالىي شەكىللەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئۇلار بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆز قاراشلىرى تېخى ئىلمىي سىستېمىغا چۈشمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنىيەتلەرنى ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر شەكلىدە تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر پەندۇر. ئەمما، بۇ باشقا كونكرېت پەنلەرنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، قەدىمكى يۇنانلىق ئارستوتېلدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقىچە ۋە يېقىن زاماندىكى گېگېلغىچە بولغان نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ فورمال لوگىكا بىلەن دىئالېكتىكا دائىرىسىگە كىرىدىغان بەزى قىممەتكە ئىگە تەتقىقات مېۋىلىرى كونا پەلسەپىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئۇلۇغ مىراسىدۇر. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۆتكەندىكى ھەممە پەلسەپىدە ئاۋۋالقىدەكلا ساقلىنىپ قالىدىغىنى پەقەت تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەلىمات - فورمال لوگىكا ۋە دىئالېكتىكا بولىدۇ. قالغان ھەممىسى تەبىئەت ۋە تارىخ توغرىسىدىكى دەلىللىگەن پەنلەرگە كىرىدۇ» [1] ماركس ئوتتۇرا ئەسىردىكى نومىنالىزمنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى «ماتېرىيالىزمنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى» دېگەن ئىدى.

«ماتېرىيالىستىك ئىدىيە بىر نەچچە مىڭ يىللىق كەسكىن كۈرەشلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان» [2] بىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارمىز، ھەر قانداق مەسىلىگە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ زامان، ماكان شارائىتىدىكى ئەينەن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، توغرا باھا بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىمۇ قەدىمكى زاماننىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۆسۈپ چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەمما بۇنداق ھۆرمەت قىلىش قەدىمكىنى ھۆرمەتلەش ۋە ھازىرقىنى ئەيىبلەش ئەمەس، ھەرقانداق فېئوداللىق زەھەرلەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى تارىخقا مۇئەييەن ئىلمىي ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ دىئالېكتىكىلىق تەرەققىياتىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت» . [3]

ھازىر بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. زامانىۋى ئىلىم دېگىنىمىزدە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننى، شۇنداقلا پەلسەپىنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. تەبىئىيكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكىي مىللەتلىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما پاكىتلاردىن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى (يۇناندىن: پلاتون، ئارستوتېل؛ ئىتالىيىدىن: توماس ئاكۋىنا؛ پولشادىن: كوپېرنىك؛ ئەنگلىيىدىن: فرانس بېيكون، نيۇتون، چارلىز داروين؛فرانسىيىدىن: ۋولتېر؛ گېرمانىيىدىن: كانت؛ جۇڭگودىن: كۇڭزى) دېيىشكە ھەقلىقمىز.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ قىسقا مۇلاھىزىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 - يىلى قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسەر 85باب، 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر، جۈملىدىن ئۈچ قەسىدە شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت پائالىيىتى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەشقەردە ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلى (مىلادىنىڭ 1085 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر قەشقەردە.

---

[1] «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە 3-قىسىم، 42 -، 43- بەتلەر.
[2] «ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە» 1955 - يىل نەشرى، 19 -، 23 - بەتلەر.
[3] «ماركس - ئېنگېلس، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلمىي سوتسىيالىزم قىسمى» 148 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى»

ئابدۇكېرىم راخمان

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى، شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت 6.645 بېيىت (13.290 مىسرا) تىن قۇرۇلغان بۇ ھەشەمەتلىك بەدىئىي ئەسىرىسى باشتىن - ئاخىر «تۆتلۈك» سىستېما ئاساسىدىكى مۇقەددەس تۆت تۈۋرۈك بىلەن قەد كۆتۈرگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بەدىئىي غايىسى ئەنە شۇ «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» ئارقىلىق رۇياپقا چىققان. ئەسەردىكى بۇ تۆتلۈكلەر قانداقتۇر مەقسەتسىز ۋە پىلانسىز ھالدا روبىرۇ تىزىلىپ قالغان تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئاپتورنىڭ پانتېزملىق كىشىلىك ھايات قارىشىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىت ئىچىدىكى كامالەت تېپىشى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

داستاننىڭ تۈپ غايىسى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» 20 نەچچە جايدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا ئۆزئارا ماسلىشىپ، خۇددى بىر يىپقا تىزىلغان مارجاندەك، ئاپتورنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك قارىشىغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ «تۆتلۈكلەر»نىڭ ھەربىرى قايسى كاتېگورىيىدە ۋە قانداق ئۇقۇمدا ئىزاھلىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا ئەسەرنىڭ بىرىنچى مۇقەددىمىسىدىكى «بۇ ئىزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ، قىممەتلىك ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر: بىرى — ئادالەت، ئىككىنچىسى — دۆلەت، ئۈچىنچىسى — ئەقىل، تۆتىنچىسى — قانائەت. يەنە، (تۆتىنىڭ)ھەر بىرىگە بىر تۈركچە ئات قويغان: ئادالەتكە كۈنتۇغدى ئەلىگ (ئەل ئىگىسى، ھۆكۈمران، پادىشاھ دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئات بېرىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان، دۆلەتكە«ئايتولدى» دەپ ئات بېرىپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان، ئەقىلگە «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان. قانائەتكە «ئودغۇرمىش» دەپ ئات بېرىپ، «ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى، دەپ ئېيتقان.» (1) دېگەن «تۆتلۈك» ئۇقۇمىغا مەركەزلىشىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ بۇ تۈپ غايىسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولىدۇ.

ئۆۋەندە بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ۋە بىر - بىرىنى شەرت قىلغان «تۆتلۈكلەر» قۇرۇلمىسىنىڭ بەدىئىي سىخېمىسىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى بۆرج (گۇرۇپپا) — تەبىئەت تۆتلۈكلىرى

### 1 - «تۆت ئادۇ» قارىشى

«تۆت ئادۇ» (تۆت زات، تۆت ماددا) — بىز شەرھلىمەكچى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» نىڭ يادروسى.

مەلۇمكى، «تۆت ئادۇ» چۈشەنچىسى مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كەشپىياتى ئەمەس، بەلكى ئۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيان ۋە تۇران خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق (2) ۋە دىنىزملىق (3) ئەڭ ساددا كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەنەنىۋى داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت.

---

(1) «قۇتادغۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى) مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىل، 2 — 3 - بەت

(2) ئانىمىزم — تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن يۈز بەرگەن تەبىئەت قارىشى

(3) دىنىزم — قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشى. ئۇنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئانىمىزم بولۇپ، دىنىزم تەبىئەتنىڭ ئۆزى تەڭرى دېگەن ئاساسىي ئۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغان.

بۇ قاراشلار ئەنە شۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش، تۇپراققا چوقۇنۇش؛ سۇغا ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئېتقادلىرىدا ۋە ئەنەنىۋى مىللىي داۋالاشتىكى ئەم - ئىرىم قائىدىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەجدادلىرىنىڭ كلاسسىك قاراشلىرىدا بىردەك ئىزچىللاشقان. ئەنە شۇ ساددا ماتېرىيالىستىك ئامىللارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن رېئاللىققا تەدبىقلىدى ۋە ئەسەردە ئالغا سۈرمەكچى بولغان بەدىئىي غايىسىگە تىرەك قىلدى.

دەرۋەقە، پۈتكۈل ئالەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى «تۆت تادۇ» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتلار يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن بۇرۇنقى كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ (ئارستوتىل، ئەلفارابى، ئىبنىسىنا قاتارلىقلار) كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋە خېلى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن. لېكىن مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «تۆت تادۇ» قارىشىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىجادىي بېيىتتى ۋە ئۆزىگە خاس ئورگىنال ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت «تۆت تادۇ» نى تەبىئەتنىڭ گەۋدىسى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى، تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىردەكلىكنىڭ ئاساسى، تەبىئەتنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنى پۈتكۈل ئالەمدىن تاكى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغىچە ئىزچىللاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھاياتلىق بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدىدە چۈشەندۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە ئەقىدادار بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ ئەينى دەۋر ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان «ئالەمدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق» دەيدىغان ئىدىيالىستىك قاراشلارنىڭ ئەكسىچە، تەبىئەتنىڭ ئاساسى بولغان «تۆت تادۇ» ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك — بىردەكلىكنى ئىنساننىڭ تۈزۈلۈشى، جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئاساسىي سۈپىتى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر «تۆت تادۇ» نىڭ نورماللىقى بۇزۇلسا، ئىنسان فىزىئولوگىيىسىدىمۇ ئۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئوبيېكتىمۇ تەبىئەت. ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى تەبىئەتنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ مۇرەككەپ سىرلىرىنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن تەبىئەت ئالىمىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ئېڭىدا پەيدا قىلغان ئىنكاسلىرىنى ئەتتىق قىلىش ۋە تەدبىق قىلىش كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل شۇنداق قىلدى. داستاننىڭ 1053 ـ، 40 ـ، 64 ـ، 49 ـ، 60 ـ، 134 ـ، 3725 ـ، 3726 ـ، 143 ـ، 144 ـ، 145 ـ، 4632 ـ، 4633 ـ 6006 ـ، 6014 ـ ... قاتارلىق كۇپلېگەن بېيىتلىرىدا «تۆت تادۇ» نى ئۇتقا قىلىپ، ئۇنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە ئىزچىللاشتۇرغانلىقى بىلىنىدۇ.

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆت تادۇ» نىڭ تەگداشسىز ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە شۇنچىلىك ئەقىدە ۋە ئېتقاد قىلغانكى، «پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى» دەپ قارالغان ئاللاھ(ئىگەم)نىڭ «يەنە قايتا دۇنياغا تۆرەلمەيدىغان» مەڭگۈلۈك «تۆت يارى» — تۆت ساھابىنىڭ (1) مەدھىيىسىنى «تۆت تادۇ» غا تەگلەشتۈرىدۇ.

60. بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك ئېرۇر تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەسەر مۇئەللىپى ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرى بولغاچقا، ئەينى دەۋردە ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىلاھىيەت قاراشلىرىنى ئىسلام كالامىزمچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا پانتېزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ ماددىيلىقىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئاللاھنىڭ تىمسالى بىلەن تەگلەشتۈرۈپ چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرىنى (تۆت تادۇنى) تەبىئەت بىلەن بىللە ئىلاھىيەتكىمۇ ئورتاق خۇسۇسىيەت دەپ قارىدى. (داستاننىڭ ھەمدۇ - سانا قىسمى — 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بابلارغا قاراڭ)

---

(1) «تۆت ساھابە» — ئابابەكرى، ئۆمەر (پارۇق)، ئوسمان، شاھى مەردان ئېللارنى كۆرسىتىدۇ.

## 2 ـ تۆت زودىياك (تۆت يۇلتۇز تۈركۈمى)

«قۇتادغۇبىلىك» گەرچە مەخسۇس ئاسترونومىيىگە بېغىشلانغان ئەسەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىلىم تۈرلىرى ئىچىدە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ پۈتكۈل داستاندىكى سالمىقى 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. داستاندىكى ئاسترونومىيىگە بېغىشلانغان مىسرالارنى جەملىگەندە، بۇنداق مىسرالار 100 مىسراغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئاسترونومىيە بىلىملىرى مەزكۇر داستاننىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئورگانىك بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاپتور ئاسترونومىيە بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ساددا ماتېرىيالىزم ۋە ساددا دىئالېكتىك ئىدىيىلىرىنى شەرھلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت (كۆك ئاسمان) بىلەن كىشىلىك دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ئارىسىدىكى ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئون ئىككى بۇرجقا، يەنى ئاسترونومىيىدە زودىياك دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈنىدىغانلىقى ۋە بۇ قوشنا يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئۈزلۈكسىز دەۋرىسىمان ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا تۆت چوڭ يۇلتۇز تۈركۈمىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى، ھەمدە تەبىئىتى جەھەتتىن «تۆت تادۇ» نىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

مەسىلەن: «ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇ، ئۈچى شامال،

ئۈچى تۇپراق بولۇپ، (شۇلار) دىن دۇنيا ۋە ئەللەر پەيدا بولغان» (1)

ئالاھىدە يېرى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاسمان جىسىملىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ناملىرى بويىچە تىلغا ئالغان ۋە ھەر بىرىگە ئېنىق خاراكتېرىستىكا بەرگەن.

## 3 ـ تۆت پەسىل

داستاننىڭ ئاسترونومىيىگە ئائىت باپلىرىدا يەنە، 12 بۇرج يۇلتۇز تۈركۈمى تەبىئەتنىڭ تۆت مەزگىلدە ئۈچتىن كۆرۈنۈپ، پەسىل ئالامەتلىرىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ تۆت پەسىل (باھار، ياز، كۈز، قىش) دىكى كۆرۈنۈش ـ كۆرۈنمەسلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ھەمەل (قوزى)، سەۋر (ئۆي)، جەۋزا (ئەرەندىن) يۇلتۇزلىرىنى باھارلىق؛ سەرەتان (قوچقار)، ئەسەد (ئارسلان)، سۇمبۇلە (بۇغداي بېشى) يۇلتۇزلىرىنى يازلىق؛ مىزان (ئۆلگۈ)، ئەقرەپ (چايان)، قەۋس (يا) يۇلتۇزلىرىنى كۈزلۈك؛ جەدى (ئوغلاق)، دەلۋە (كۈنەك)، ھوت (بېلىق) يۇلتۇزلىرىنى قىشلىق يۇلتۇز تۈركۈملىرى دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بۇ پەسىللەر يۇلتۇز تۈركۈملىرى بىلەن پاراللېل ھالدا ماسلىشىپ خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا «تۆت تادۇ» نىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

## 4 ـ تۆت تەرەپ

داستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك باپلىرىدا سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسلىنىپ تۆت تەرەپ بەلگىلەنگەن. «بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر قىسمى بېزەك، بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، بىر قىسمى كۆزەتكۈچىلەر» (128 ـ بېيىت)، «بىر قىسمى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدۇ، بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، ئۇنىڭدىن كىشىلەر يول تاپالايدۇ» (129 ـ بېيىت)، «بەزىلىرى يۇقىرىراق تۇرىدۇ، بەزىلىرى تۆۋەن، بەزىسى يورۇقراق (بولسا)، بەزىلىرى خىرە» (130 ـ بېيىت)، مانا بۇ باپلاردا قوياشنى مەركەز قىلغان يۇلتۇز تۈركۈملىرى تەرەپنى بەلگىلەشنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

ئالىمنىڭ تۆت تەرەپ قارىشىدىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ تۆت تەرەپ (شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب — كۈن چىقىش، كۈن پېتىش، ئوڭ تەرەپ، سول تەرەپ) نى «تۆت تادۇ» نىڭ تەبىئىتىگە باغلاپ

(1) «قۇتادغۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى.) مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل، 42 ـ بەت

چۈشەندۈرىدۇ. ئالەمنىڭ سخېمىسى بويىچە قارىغاندا، شەرق — سۇ تەبىئەتلىك، غەرب — ھاۋا (يەل) تەبىئەتلىك، شىمال — ئوت تەبىئەتلىك، جەنۇب — تۇپراق تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئالەمنىڭ يۇقىرىقىدەك تەبىئەت تۆتلۈكلىرىنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتى، نوقۇل ھالدا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاسترو - كوسمولوگىيىلىك نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى بۇ تەبىئىي ئامىللارنى كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىلىرىگە تەققاسلاشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئاينىڭ تولۇپ بېرىشى ۋە ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ يوقىلىپ بېرىشىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىنسان بەختىنىڭ بىقارارلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئاي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشچان - تۇراقسىزلىقىنى ئىنسانىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقىغا سىمۋول قىلىدۇ. قۇياش ۋە ئوتنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنى پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋە ئۇنىڭ رولىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ تەبىئەت «تۆتلۈكلىرى» ئارقىلىق مۇئەللىپنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ھۆرمەت قىلىدىغان پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى نامايان قىلىنغان.

## ئىككىنچى بۆرج — تىبابەت (ھاياتلىق) تۆتلۈكلىرى

### 1 - تۆت مىزاج

داستاندا تەسۋىرلىنىشچە، «تۆت تادۇ» — گەۋدە بولۇپ، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئاساسى؛ تۆت مىزاج (ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق) — «تۆت تادۇ» نىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلى. «تۆت مىزاج» بىلەن «تۆت تادۇ» ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلۈكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاپتور «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «تۆت تادۇ» نىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان «تۆت مىزاج» ئارقىلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ماددىي خۇسۇسىيىتى، ماددىي دۇنيانىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتچانلىق قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى دەلىللەپ بېرىدۇ، ھەمدە ئۇ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى ئوتنىڭ سىرتقى تەبىئىي شارائىتنى تەشكىل قىلغان تۆت خىل ماددىنىڭ تۆت خىل ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى، يەنى ئوتنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى، ھاۋانىڭ ھۆل ئىسسىقلىقى، سۇنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى، تۇپراقنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقىدىن ئىبارەت خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2 - تۆت خىلت

تىبابەت ئىلمىدە «ھاياتلىق ئامىلى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت خىلت (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) ماھىيەت جەھەتتىن «تۆت تادۇ» ۋە «تۆت مىزاج» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بۇسۇپ خاس ھاجىپ جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتلىق تەقدىرى قانداقتۇر «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پېشانىغا پۈتۈلگەن روھىي مەۋھۇملۇق بولماستىن، بەلكى ئەنە شۇ ماددىي «ھاياتلىق ئامىلى» غا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دەرۋەقە، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى بويىچە، جانلىق ئورگانىزملاردا خىلتلار تەكشۈكلۈكى نىسبىتى بولىدۇ، ئەگەر خىلتلارنىڭ نىسبىي تەكشۈكلۈكى بۇزۇلۇپ بىرەر خىلت ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈلسە، بەدەندە بەلگىلىك ئالامەتلەر ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپلا قالماي، شۇنداقلا پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. خىلتلار ئىنسان بەدىنىدىكى ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ماددا ئالمىشىش ئارقىلىق دەۋر قىلىپ ۋە نىسبىي ھەرىكەت تەكشۈكلۈكىنى ساقلاپ ھاياتنىڭ ساغلاملىق شەرتلىرىنى ھازىرلايدۇ. خىلتلارنىڭ ھەرىكەت .تەكشۈكلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىك بولۇپمۇ ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 4620 -، 4621 -، 4622 -، 4623 -، 4624 -، 4625 -، 4626 -، 4627 - 4628 -، 4629 -، 4630 - بېيىتلىرىدا «تۆت خىلت» بىلەن «تۆت مىزاج»نىڭ ئايرىلماس زىچ مۇناسىۋىتىنى ۋە مىزاجلار زىيىتىنىڭ مۇتلەقلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئىنسان ئۆزىنىڭ مىزاجىنى بىلىپ تۇرۇشى ۋە شۇ ئاساستا

خىلتلار تەكشۈكلۈكىنى تەكشەپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3 ـ تۆت رەڭ (تۆت خىل سۈيۈقلۇق)

تۆت رەڭ (قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا) يەنى تۆت خىل سۈيۈقلۇق ۋە ئۇنىڭ تۆت مىزاج، تۆت خىلت، تۆت ئادۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا ئاز ـ تولا ئىزاھلىدۇق. داستاندا تىلغا ئېلىنغان رەڭ خاراكتېرى قانداقتۇر خىمىيىۋى بىرىكمىلەردىن تەشكىللەنگەن ئاددىيتىكى رەڭ تۈقۈمى بولماستىن، بەلكى مىزاج زىددىيىتى ۋە خىلتلار ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ ھالدا ئىنسان ئورگانىزمىدا پەيدا بولىدىغان سۈيۈقلۇق بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ماددىي ئالەمنىڭ ئىنسان ئورگانىزمىدىكى ئادولۇق ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندا: «مەن سېنىڭ مىزاجىڭنى ئىزاھلاپ بېرەي، بۇ قىزىل، سېرىق، ئاق ياكى قارا بولىدۇ» (4632 ـ بېيت)، «بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە دۈشمەن، دۈشمەن دۈشمەنگە يېقىنلاشسا دۈشمەن ئايرىلىدۇ» (4633 ـ بېيت) دەپ يېزىپ، بۇ رەڭلەر «تۆت ئادۇ» ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك بىردەكلىكىنىڭ ئىنسان مىجەزىدە ئەكس ئېتىشى ئىكەنلىكى، ناۋادا، بۇ رەڭلەرنىڭ تەكشۈكلۈك نىسبىتى بۇزۇلسا مىزاجتا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى، ھەتتا ئىنساننىڭ چۈش كۆرۈشمۇ ئەنە شۇ رەڭ تەكشۈكلۈكىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

### 4 ـ تۆت مەزگىل (تۆت دەۋر)

تۆت مەزگىل (باللىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىق) ئىنسان ھاياتىنىڭ تۆت دەۋرى بولۇپ، ئۇ تۆت ئادۇنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تۆت مەزگىلنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى «تۆت ئادۇ» نىڭ تەبىئەتكە باغلىغان ھالدا ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن، ھەم ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي مەنا بېرىپ كىشىلىك ھايات پەقەت يولۇچىنىڭ ۋاقىتلىق قونالغۇسى ئىكەنلىكى، شۇڭا ھايات مەزگىللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى قەدىرلەش لازىملىقىنى پەلسەپىۋى كەسكىنلىكتە كۆتۈرگەن. ئاپتور تۆت دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەخسۇس توختالماستىن، ئۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئەسەردىكى تۆت سىمۋوللۇق ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك تۆتلىكلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى مۇنداق سىخېما بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

| تۆت دەۋر | تۆت رەڭ | تۆت خىلت | تۆت مىزاج |
|---|---|---|---|
| گۆدەكلىك | سېرىق | سەپرا | قۇرۇق ئىسسىق |
| ياشلىق | قىزىل | قان | ھۆل ئىسسىق |
| ئوتتۇرا ياشلىق | ئاق | بەلغەم | ھۆل سوغۇق |
| قېرىلىق | قارا | سەۋدا | قۇرۇق سوغۇق |

## ئۈچىنچى بۆلەك — ئىجتىمائىي تۈتلۈكلەر

### 1 - تۆت پېرسوناژ

«تۆت تادۇ» غا بېغىشلانغان ھالدا مەركەزلىك ۋە مەقسەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوقىرىقىدەك «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» ئەسەرنىڭ توپ ئىجتىمائىي غايىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەت (قانۇن)، بەخت (قۇت)، ئەقىل (بىلىگ)، قانائەت (ئاقىۋەت) تىن ئىبارەت تۆت خىل ئىجتىمائىي ئۇقۇمغا سىمۋول قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئىلىگ، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش ئوبرازلىرىنى ياراتقان. بۇ تۆت ئوبراز ماھىيەتتە «تۆت تادۇ» نىڭ ئىجتىمائىي ئىپادىسى بولۇپ، ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىدىئالىدىكى «قوزى بىلەن بۆرى بىللە قوشۇلۇپ يۈرۈيدىغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ تۆت تۈۋرۈكى، ئىنسان مەنىۋى كامالىتىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئالىمنىڭ قارىشىچە، بۇ تۆت تۈۋرۈكنىڭ بىرسى كام بولسا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ؛ بۇ تۆت تۈۋرۈك بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ۋە بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان. ئىنسان ئارزۇسىدىكى بەختلىك جەمئىيەت ئۈچۈن تۈۋرۈك بولىدىغان ئادالەتلىك قانۇن، بەخت - سائادەت، ئەقىل - پاراسەت، ئۆزىنى بىلىش ۋە قانائەتچان بولۇش قاتارلىق شەرتلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ گارمونىيىلىك بىرلىكى (تۆت تادۇ) گە ئاساسلانغان. ئاپتور بۇ ئوبرازلارنىڭ دراماتىك ۋە تىراگېدىيىلىك توقۇنۇشى ئارقىلىق رېئاللىققا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئىككى ئالەمدىكى بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىدىغان، باقى ئالەمنى ئەڭ ئاخىرقى چەك ھېسابلايدىغان پانتېزملىق كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ» غانلىقى توغرىسىدىكى ئالىمنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قارىشى داستاننىڭ بەدىئىي غايىسىنى نامايان قىلىدىغان توپ ھالقا بولۇپ، ئەسەرنىڭ ھەربىر باپ، ئابزاسلىرىدا تولۇق ئىزچىللاشقان.

بۇنىدىن سىلگىرى «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى، بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما قانائەت ۋە ئاقىۋەت سىمۋولى ئودغۇرمىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئەسەردىكى رولى باشقىچىرەك ئىزاھلاندى. بىزنىڭچە، ئودغۇرمىش ئوبرازىمۇ ئەسەر بارلىققا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۆيۈملۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، ئاپتور غايىسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەققىي مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «دۇنيانىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىدىن ۋاز كەچمىگىچە، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئورنىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ» (4802 - بېيت) مانا بۇ ئودغۇرمىشنىڭ كىشىلىك ئېتىقادى؛ تەنھالىق، ئەپسىنى يىغىش، دەرۋىش بولۇش، خۇداغا ئىبادەت قىلىش، خۇدانى سۆيۈش، جىم ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيال سۈرۈش، ئۆز قەلبىنى داۋالاش، قانائەتچان بولۇش يولىغا مېڭىشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى. بۇ قاراشلار تەبىئىي ھالدا ئەسەرنىڭ پۈتكۈل غايىسىگە زىچ باغلىنىپ، گۈللىنىۋاتقان قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ تۆت تۈۋرۈكىنى تەشكىل قىلغان. بۇ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىگە ئاپتورنىڭ دىققەت - ئېتىبارى قوزغالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا مايىللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2 - تۆت بىرلىك

داستاندا بىلىم بىلەن ئېتىقاد، ئەقىدە بىلەن قىممەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى كۆپ جەھەتلەردىن دەلىللەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئىنسان ھەققىدە سۆزلىدىم، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلىم، ئەقىل، پاراسەت بىلەن بولىدۇ» (147 - بېيت)، «بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل» (152 - بېيت)، «پاراسەتلىك ئوقۇيالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك، پاراسەتلىكلەر تىلەككە يېتىدۇ» (155 - بېيت)، «پاراسەت بىر چولپۇردۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ» (159 - بېيت)، «كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ، بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نېمە بار؟» (1843 - بېيت)، «ئىدراكسىز ئۆلۈكتۇر، ئىدراكلىق تىرىك» (1839 - بېيت)، «بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ» بىلىم

بىلەن ئەر يۈكسىلىپ مەشھۇر بولىدۇ» (1841 - بېيت)، شۇڭا «ئىدراك كىشى ئۈچۈن ئەزىز ۋە قىممەتلىك نەرسىدۇر» دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە بىلىم ئادەمنىڭ بىلىش قورالى بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەقسەتكە يېتىش ۋاسىتىسىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان مەقسەت پەلسەپىدىكى قىممەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ نەرسە بولۇپ، بىلىم بىلەن ئېتىقاد، ئەقىدە بىلەن قىممەت بىرلىكى ماھىيەتتە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزگە مەلۇمكى، پەلسەپە ئاساسلىقى بىلىمگە تايىنىدۇ، دىن ئېتىقادقا تايىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش شەرق پەلسەپىسىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مۇسۇلمان ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تۆت بىرلىك ھەققىدىكى مول تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن شەرق پەلسەپىسىنىڭ خەزىنىسىگە ھۆسن قوشقان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇرژۇئا پەيلاسوپى كانت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئەقلىي ئامىلدىن تاشقىرى قىممەت ئامىلى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە ياشىغان تۇرۇقلۇق پەلسەپە كاتېگورىيىسىدىكى تۆت ئامىل (بىلىم بىلەن ئېتىقاد، ئەقىل (ئىدراك) بىلەن قىممەت)نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى بىر قەدەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى پەلسەپە تارىخىدىكى بىر يۈكسەكلىك دېيىش مۇمكىن.

### 3 - تۆت قاراش

يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادىلەنگەن جەمئىيەت قارىشى تۆت جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇنى شەرتلىك ھالدا «تۆت قاراش» دەپ ئاتىدۇق.

بىرىنچى، چوقۇنۇش قارىش

ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن قويۇق تۈس ئالغان چوقۇنۇش قارىشى (ئاللاھقا چوقۇنۇش) «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن، شۇنداقلا داستاننىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسىدە «ئاللاھقا چوقۇنۇش»تىن باشقا ھوقۇق (قانۇن) غا چوقۇنۇش قارىشىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئېتىلگەن، بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئوبرازىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەبىقىچىلىك قارىشى

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، «ئادەم بالىسىنى بىرلا خۇدا ياراتتى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغىمۇ، كىچىكىمۇ بار، ياخشى ناملىقىمۇ، يامان ناملىقىمۇ بار» (1922 - بېيت)، «بىلىملىكى، بىلىمسىزى، كەمبەغەل ۋە بايلىرى بار، ئەقىللىق، ئەقىلسىز، جاھىللىرىمۇ بار» (1923 - بېيت) بولۇپ، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ قارىشى داستاننىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەبىقىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش قارىشى

ئالىمنىڭ قارىشىچە، قانۇن «ئەلنىڭ ئۇقتىسى ۋە قولۇپىدۇر» (2015 - بېيت)، قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا، ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ» (2017 - بېيت)، «قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ، زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ» (2034 - بېيت). ئالىمنىڭ قانۇن ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدىكى بۇ ئىلغار قاراشلىرى قاراخانىلار جەمئىيىتىنى مۇقىملىققا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولغان ئىدى.

تۆتىنچى، خەلقچىللىق قارىشى

«قۇتادغۇبىلىك» تە تەبىقە قارىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە خەلقپەرۋەرلىك (خەلقچىللىق) قارىشىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئېتىلگەن. «بارچە خەلقىڭگە مېھرىبان بول، ئۇلۇغىمۇ، كىچىكىمۇ ئوخشاش ئادالەت قىل» (5197 - بېيت) دەپ، ئىنسانغا مۇھەببەت بىلەن قاراشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك تەرغىب قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تۆت خىل قاراش داستاننىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي غايىسىگە بېقىنغان ھالدا، ئالىمنىڭ كۆپ مەنبەلىك دۇنيا قارىشىغا ۋەكىللىك قىلغان.

# ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش ئادىتى

## رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

بەزىلەردىن ئىسمىڭىز نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى سورىسىڭىز ئۇ: نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئاتا ـ ئانام مۇشۇنداق قويۇپ قويغان ئىسىم ئىكەن، دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق جاۋاب شۇ ئىسىم ئىگىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى ئەيىب. ھەر قانداق بىر ئىسىم بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئىسىم ئىگىسى ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلىشى؛ ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا قويماقچى بولغان شۇ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ قويۇشى لازىم.

كىشى ئىسمى مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. دۇنيادا باشقا ئىلىملار قاتارىدا مەخسۇس يەر ـ جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان «ئونومونستىكا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىلىم بار. بۇ ئىلىم كىشى ئىسىملىرى قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكى، ئۇ ئىسىم قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى؛ كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى؛ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشى ئىسىملىرى مەنا ۋە شەكىل جەھەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئىشلىنىدۇ. دېمەك، كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات دۇنيادا خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. ئۇيغۇرلاردا بولسا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بوش ئورۇن بولۇپ كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق، ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىشى؛ بۇ تەتقىقات ئاساسىدا ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيلىك لۇغىتى ئىشلىنىشى لازىم.

ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇنى بۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

(1) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

(2) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

(3) يېڭى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇشقان. مەسىلەن، بايتەمىر، بەگ بۇقا، قارا باقشى، قارا بۇقا، قايمىتۇ، ئېل بۇقا، ئېل تەمىر، ئېلچى،... دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ مىسالى. تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى «تۆمۈر»نى ئىنتايىن ئەتىۋارلايتتى، ئۇلۇغلايتتى. چۈنكى ئۇ، جەڭ قورالى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساشتا بىردىنبىر ماتېرىيال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۆمۈر» سۆزىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەر ـ جاي ناملىرىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىدى. ئالايلۇق، چىڭگىزخاننىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان قارا ياغاچ بۇيرۇقنىڭ «قارا ياغاچ» دېگەن يەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى؛ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى «بارچۇق» سۆزىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى بۇنىڭ ئىسپاتى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ دىن ھەرقايسى ساھەلەرگە تەسىر كۆرسەتكەندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر ئىسىملىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار كۆپىيىشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئابدۇللا (ئاللانىڭ قۇلى)، ھەبىبۇللا (ئاللانىڭ دوستى)، رەھمىتۇللا (ئاللانىڭ رەھمىتى)، ھەمدۇللا (ئاللاغا مەدھىيە)، سەيپۇللا (ئاللانىڭ قىلىچى)، ھىدايىتۇللا (توغرا يولغا باشلىغۇچى ئاللا)، مۇتىئۇللا (ئاللانىڭ ئىتائەتچان قۇلى)،...دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش.

ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد كۈچەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقانسېرى بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار ئىگىلەشكە باشلىدى، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئاللاغا، مالائىكىلەر (پەرىشتىلەر)گە، پەيغەمبەرلەرگە، چاھارىيارلارغا، ئانىلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىپ تۆۋەندىكىدەك ئىسىملارنى قويۇشقا باشلىدى.

1. ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادەتكە ئايلاندى. بۇ خىل ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خالىق (پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقۇچى)، غاپپار (ئۆز بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغۇچى)، قاھھار (قەھرلەنگۈچى)، بەسىر (كۆرگۈچى)، راززاق (پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى)، سەمى (كۆرۈپ تۇرغۇچى)، قادىر (ھەممىگە قۇدرىتى يەتكۈچى)...دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

2. مالائىكىلەرنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشمۇ ئادەت ئىدى. مەسىلەن، مىكائىل، ئىسراپىل،...دېگەندەك.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش بىر قەدەر كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئەيسا، داۋۇت، مۇسا، مۇھەممەت، ئىبراھىم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ، يۈسۈپ، يۇنۇس،... دېگەنلەردەك.

4. چاھارىيار (تۆت دوست)لارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش.

5. ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ھاۋا، مەريەم، ئايشە، سارە، خەدىچە، پاتىمە، ھەجەر،... دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسلام دىنىغا ئائىت سۆزلەرنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئىسلام، ئىمام، ئىمان، جەننەت دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. يەنە ئىسلام دۇنياسىدىكى «مۇقەددەس» يەرلەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلار بولغان. مەسىلەن، مەدىنە، قۇددۇس دېگەن ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇش ئادىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئىدى. مەسىلەن، ئالتۇن، ئاي، ئالما، بوسۇق، بۇلاق، پالتا، تاش، تايلاق، توقا، توقاچ، تولۇم، تۆمۈر، چاۋار، چورۇق، چولپان، سامساق، سۆيۈرگە، قوزا، كەكە، كېپەك، مايسا، ياتاق، يۇلتۇز،... دېگەندەك ئەر، ئايال ئىسىملىرى بۇ پىكرىمىزنى ئەستىقلايدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبچە، پارسچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملار ئىچىدىن مەنىسى ياخشى، دىنىي تۈس ئالمىغان ئادالەت، ئادىل، ئازاد، ئارىپ، ئاسىم، ئالىم، پازىل، پەزىلەت، جېلىل، خېلىل، سائادەت، قۇدرەت، مەستۇت، مەقسۇت، مۇبارەك، ھىدايەت، ھىلال، رەشىت،... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن دەۋرگە لايىق، دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىملارنى ياساپ قوللىنىش ئادەتكە ئايلاندى ۋە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئايتولۇن، ئەركىن، ئۇرغۇن، ئۇيغۇن، جۇشقۇن، قۇتلۇق، كورەش، ئۇچقۇن، يالقۇن، يولداش،... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىغا بەزى دىنىي، خۇراپىي ئەقىدىلەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئالايلى:

(1) بەزى بالا كۆرمىگەن، كۆرگەن بولسىمۇ بالىسى ئۇرمىغانلار يەنە پەرزەنت كۆرۈپ قالسا، بالىسىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بالىغا «نىياز» (ئاللاغا يالۋۇرۇش، ئاللادىن تىلەش دېگەن مەنىدە) دەپ ئىسىم قويۇپ، بالىنىڭ بېشىغا «نىياز چېچى» قويۇپ قوياتتى.

(2) بالىسى ئۇرمىغانلار بالا كۆرۈپ قالسا، بالىنى باشقا بىرىگە (ئاساسەن تۇغقانلىرىغا) بېرىۋېتەتتى، ئارىدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن بالىنى سېتىۋالاتتى - دە، بالىغا «سېتىۋالدى» ياكى «تىلىۋالدى» دېگەنگە ئوخشىغان ئىسىملارنى قوياتتى.

(3) ئۇزاققىچە بالا يۈزى كۆرمىگەنلەر بالا كۆرۈپ قالسا، ئاللادىن «مىننەتدار» بولۇپ، بالىغا ئاللا بەردى، خۇدا بەردى، ئىگەمبەردى دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقان. شۇنداقلا ئۇز پەرزەنتىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئاتا - ئانا بالىغا تۇرسۇن، تۇردى، توختى، پولات، تۆمۈر، تاش، تاشپولات، تاشتۆمۈر،... دېگەندەك ئىسىملارنى قوياتتى، ياكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆز بالىسىغا ئىسىم قىلىپ قويۇدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان ئىدى.

(4) بەزىلەر ئارقا - ئارقىدىن قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىسە، ئوغۇلغا تەشنا ئاتا - ئانا كەنجى قىزىنىڭ ئىسمىنى «ئوغۇل» قوياتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئانا يەنە ھامىلدار بولۇپ ئۇغۇش توغرا كەلسە، تۇغۇلغۇسى بالا چوقۇم ئوغۇل بولارمىش.

(5) قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلسا، ياد ئېتىش، سېغىنىش يۈزىسىدىن بالىغا ھەزرەت ئەلىنىڭ پاتىمەدىن تۇغۇلغان قوشكېزەك ئوغۇللار ھەسەن، ھۈسەنلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇش، قوش كېزەك تۇغۇلغانلارنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ھەسەن (ياكى ھۈسەن)، قىزنىڭ ئىسمىنى پاتىمە دەپ قويۇش ئادەت ئىدى.

(6) يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقۇپ دەپ قويمايتتى. ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە ئىسمىنى ھەرگىز ئىبراھىم دەپ قويمايتتى. سەۋەبى، يۈسۈپ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ، ئىسمائىل بولسا، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى بولغانلىقىدىندۇر.

(7) ياد ئېتىپ ئۇرۇش ئۈچۈن باللارغا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى بالىغا ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتى بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بالىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئىسمىنى قويماسلىقتەك ئادەتمۇ بولغان.

× ×

ئۇيغۇر ئىسىملىرى ئىچىدە ئۆۋەندىكىدەك ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ:

(1) ئۇز پەرزەنتى چوڭ بولغاندا، بىلىملىك، دۆلەتمەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئاتا - ئانا ئۇز باللىرىغا ئالىم، پازىل (ئالىم دېگەن مەنىدە)، مەلىكە، سۇلتان، دۆلەت، غېنى،... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقان.

(2) ئىسىملار ئىچىدە باللارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن (ئاي، كۈن بىلەن) مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاپرېل، ئازنا، جۈمە، بارات، رەجەپ، روزى، سەپەر، نورۇز، هوشۇر، ھېيت،... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش.

(3) ئىسىملار ئىچىدە ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملارمۇ خېلى بار. مەسىلەن، ئەختەر (يۇلتۇز دېگەن مەنىدە)، چولپان، زەھرە، قەمەر (ئاي دېگەن مەنىدە)، چاقماق، ئاي، نەسىمە (مەيىن شامال دېگەن مەنىدە)، يۇلتۇز، يەشىن،... دېگەن ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

(4) ئۇيغۇر ئىسىملىرىدا گۈل - گىياھ، مېۋىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئالما، ئانار، بادام، جىنەستە، چوغلۇق، چىنار، رەنا، رەيھان، زەپەر، زەيتۇن، سامساق، مايسا، يانتاق،... دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش.

(5) ئىسىملار ئىچىدە ھايۋان، قۇشلارنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار خېلى كۆپ. مەسىلەن، ئارسلان، ئەسەت (شىر دېگەن مەنىدە)، تايلاق، قوزا، تۇتى، بۇلبۇل، قۇندۇز، ھەيدەر (شىر دېگەن مەنىدە)، يولۋاس دېگەن ئىسىملار بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

(6) بەزى مەدەن، يەر ئاستى قېزىلمىلىرىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن، ئالتۇن، ئالماس، زۇمرەت، كۈمۈش، ياقۇت،...دېگەندەك. ھەتتا بەزىلەر بەزىبىر يېمەكلىكلەرنىڭ نامىنى باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇشقان. مەسىلەن، ناۋات، ھەسەل، توقاچ،... دېگەندەك.

× ×

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى رايون خاراكتېرلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بەزى ئىسىملارغا قاراپ شۇ ئادەمنىڭ قايەرلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئېيتايلى، ئەرلەر ئىسمى «مەت» بىلەن باشلانغان بولسا مەسىلەن، مەتروزى، مەتقۇربان، مەتتۇرسۇن، مەتتوختى دېگەنلەردەك) ئۇ ئادەمنىڭ خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى «ئىمام» ياكى «ئىمام» بىلەن باشلانغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئاتۇشلۇق ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى «ئوبۇل» سۆزى بىلەن باشلانغان بولسا (مەسىلەن، ئوبۇلقاسىم، ئوبۇلسىدىق، ئوبۇل ھەسەن،... دېگەندەك)؛ يەنە ئەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «خان» سۆزى ئۇلانغان بولسا (مەسىلەن، قادىرخان، مامۇتخان،... دېگەندەك) بۇ ئادەملەرنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرى «ئاق»، «تۇ» بىلەن باشلانغان بولسا (مەسىلەن، ئاقنىياز، تۇنىياز... دېگەندەك) بۇ ئادەملەرنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «قارى» سۆزى ئۇلانغان بولسا (مەسىلەن، غاپپار قارى، ساتتار قارى دېگەندەك) ئۇلارنىڭ كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى؛ ئەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «جان» سۆزى قوشۇلغان بولسا (مەسىلەن. ئابلاجان، مەمەتجان، دېگەندەك) بۇ ئادەملەرنىڭ غۇلجا تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «نىسا»، «گۈل» سۆزلىرى ئۇلانغان بولسا (تۇرنىسا، ئايىمنىسا، رەيھانگۈل، نۇرگۈل دېگەندەك) بۇلارنىڭ قەشقەر تەرەپنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكىنى؛ ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «قىز»، «بۈۋى» سۆزلىرىگە قاراپ (تۇرسۇنقىز، ئايىمقىز، ھەجەربۈۋى، جەننەتبۈۋى دېگەندەك) بۇلارنىڭ غۇلجا تەرەپنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا سادەتشا، تومۇرشاھ سوپى، ئىسكەندەر، گايىت، گاجىت، دۆگامەت، مايىت، ئۇلمايىت، سەيپۇل، نەمتۇل، قايىت دېگەندەك ئەرلەر ئىسمىغا ۋە ئايىمخان، مايىمخان، ئالماراخان، ئەزىزخان،... دېگەندەك ئاياللار ئىسمىغا قاراپ بۇلارنىڭ تۇرپان رايونى ۋە قۇمۇل تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

× ×

پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويغاندا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. باللارغا ئىسىم قويغاندا، قويۇلماقچى بولغان ئىسىمنىڭ مەنىسىنى بىلىپ قويۇش لازىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ جەھەتكە دىققەت قىلىنمىدى، پەقەت چىرايلىق ئاڭلىنىشى ئېتىبارغا ئېلىندى، ياكى ھېسسىياتقا بېرىلدى. ئېيتايلى، ئاياللاردىكى «راھىلە» دېگەن ئىسىم ئاڭلىنىشقا چىرايلىق، ئېيتىشقا ئەپلىك، ئەمما بۇ سۆز «يۈك ئارتىلغان ھايۋان؛ كارۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاياللاردىكى «ئاسىيە»، «ئاسىيخان»، «ئاسىيگۈل» دېگەن ئىسىملارنى ئالساق، بۇ ئىسىملار «ئىسيان كۆتۈرگۈچى، يۈز ئۆرىگۈچى؛ مۇناپىق، خائىن، ساتقىن» دېگەندەك مەنىلەردىكى «ئاسىي» سۆزىدىن كەلگەن. ئەرلەردىكى «زاھىت» (زايىت) دېگەن ئىسىم «تەركىي دۇنيا، دەرۋىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر باللىرىغا «تەۋرات»، «زەبۇر» دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان. «تەۋرات» ئاللا تەرەپتىن مۇسا پەيغەمبەرگە، «زەبۇر» بولسا داۋۇت پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن كىتابنىڭ نامى. يەنە بەزىلەر «قەھرىتان سوغۇق»

دېگەن مەنىدىكى «زىمىستان» دېگەن سۆزنى ئىسىم قىلىپ قويغان. يۇقىرىدىكى مىساللار مەنىسىنى بىلمەي قويغان ئىسىملار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

2. باللارغا ئىسىم قويغاندا ئۇ ئىسىمنىڭ باللارنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرىگە لايىق بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بەزى ئىسىملار باركى، ئۇ ئىسىم باللارنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىگە ئۇيغۇن بولغان بىلەن قېرىغاندا ماۋاپىق بولماي قالىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

3. باللارغا قويغان ئىسىمنىڭ ئىخچام ۋە ئاتاشقا ئەپلىك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ھازىرقى ئىسىملار ئىچىدە ئۇزۇن، ئاتاشقا ئەپسىز ئىسىملار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «تۇختىمۇھەممەت»، «روزىمۇھەممەت»، «تۇرسۇنمۇھەممەت» «تۇرسۇننىياز» دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارغا كۆپ بوغۇملۇق سۆز بىلەن ياسالغان ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىسىملار قويۇلماسلىقى كېرەك. مۇنداق ئىسىملار ئاتاشقا ئەپسىز بولىدۇلا ئەمەس، يەنە ئۇ ئىسىمنىڭ قانداق سۆزلەر بىلەن قۇرۇلغانلىقىنى بىلىشمۇ قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۇنسابىم» دېگەن ئاياللار ئىسمىنى ئالساق، بۇ «ئۇر + نىسا + ئايىم» دېگەندەك ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىسىم بولۇپ، بۇنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئىسىمنىڭ قانداق سۆزلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلمەك تەس.

4. ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ ئىسىم ياسىغاندا، شۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنا جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئېيتايلى، «دىلمۇراد»، «دىلشات» دېگەن ئىسىملارنى ئالساق، بۇلار «دىل» سۆزى بىلەن «مۇراد» سۆزى؛ «دىل» سۆزى بىلەن «شاد» سۆزى بىرىكىپ ياسالغان ئىسىملار. ئالدىنقىسى «قەلب ئىستىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، كېيىنكىسى «كۆڭۈل خۇشلۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى ئىسىمدا سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن بىرىكىشى توغرا. ئەمما بەزى ئىسىملار باركى، بۇلاردا ئىككى سۆزنىڭ مەنا جەھەتتىن بىرىكىشى توغرا بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇنداق ئىسىملارغا بىر پۈتۈن مەنا بەرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئىمامنىياز»، «خوجانىياز»، «ئەھمەتنىياز» دېگەن ئىسىملاردا ئىككى سۆزنىڭ مەنا جەھەتتىن بىرىكىشى توغرا ئەمەس. ئېيتايلى، «ئىمام» سۆزى «نامازدا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، جامائەتنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە بولسا، «نىياز» سۆزى «خۇداغا يالۋۇرۇش، خۇدادىن تىلەش» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىككى سۆز مەنا جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن زادى بىرىكمەيدۇ. «خوجا» سۆزى «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەسلىگە مەنسۇپ» دېگەن مەنىدە بولسا، «نىياز» سۆزى «ئاللادىن تىلەش، ئاللاغا يالۋۇرۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنى بىر - بىرى بىلەن بىرىكتۈرگىلى بولمايدۇ. «ئەھمەت» دېگەن سۆز «مەدھىيىلەشكە لايىق» دېگەن مەنىدە، «نىياز» بولسا «خۇداغا يالۋۇرۇش، خۇدادىن تىلەش» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىككى سۆز مەنا جەھەتتىن بىرى - بىرى بىلەن بىرىكمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىسىملاردا سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن بىرىكىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

5. ئىسىملاردا خىلمۇ خىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق لازىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ جەھەتتە تۈرلۈك مەسىلەر ساقلاندى. بىر خىل ئىسىمنىڭ خىلمۇ خىل ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى بۇنىڭ مىسالى. مەسىلەن، «سالىھ» دېگەن ئىسىمنىڭ «سالى» ياكى «سەلەي» دەپ ئاتىلىشى؛ «يار مۇھەممەت» دېگەن ئىسىمنىڭ «يار مەمەت»، «يارمەت» دەپ، ھەتتا «يامەت» دەپ ئاتىلىشى، يېزىلىشى؛ «سابىت» دېگەن ئىسىمنىڭ بەزى يەرلەردە «ساۋۇت» دەپ، بەزى يەرلەردە «ساگۇت» دەپ يېزىلىشى ۋە ئاتىلىشى؛ «ئابدۇللا» دېگەن ئىسىمنىڭ «ئابلا»، «ئابدۇل»، «ئابدۇللام» دەپ ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى مىسال بولالايدۇ.

6. بۇنىڭدىن كېيىن ئىسىملاردا «ئابدۇ» (عبد) سۆزىنى قالايمىقان قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ سۆز ئەرەبچىدە «بەندە، قۇل» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز قائىدە بويىچە پەقەت ئاللانىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەنلا قوللىنىلىدۇ، باشقا سۆزلەردە قوللانغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ جەھەتتە قالايمىقانچىلىقلار ساقلاندى. مەسىلەن، «رەسۇل» سۆزى «پەيغەمبەر، ئەلچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز، بۇ سۆزگە «ئابدۇ»نى قوشۇپ «ئابدۇرەسۇل» دەپ قوللانغاندا «رەسۇلنىڭ قۇلى (بەندىسى)» بولۇپ قالىدۇ، خالاس، «شۈكۈر» سۆزىنى ئالساق، بۇ «بىر ياخشىلىققا نىسبەتەن مىننەتدارلىق ئىزھارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزگە «ئابدۇ»نى قوشۇپ «ئابدۇشۈكۈر» قىلغاندا، قانداق مەنا بېرىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن «ئابدۇ» سۆزىنى قانداق سۆزلەرگە قوشۇش لازىملىقىنى ئويدان ئويلاش لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى قەيسەر قەييۇم

# دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان ترونتىريە، تىل - يېزىق، پسىخىك خۇسۇسىيەت ۋە ئۆرپ ئادەت قاتارلىق شەرتلەردە، گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان نەسەپ كۆز قارىشى ھەمدە ئولتۇراقلاشقان مۇھىت شارائىتىنىڭ پەرقلىنىشى سەۋەبىدىن، رايون خاراكتېرلىك بەزى يەرلىك ئادەتلەرگىمۇ ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان دولان خەلقىمۇ ئۆزىگە خاس بەزى يەرلىك ئادەتلەرنى ھېلىغىچە ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ توي - ئۆتكۈنلەردىكى بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنلىرى — ئەنە شۇ يەرلىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى قەيت قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن «دولان» دېگەن ئاتالغۇ ۋە دولان خەلقى ياشاۋاتقان مۇھىت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز قىلساق ئارتۇقلۇق قىلماس.

ئۇنداق بولسا «دولان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغان؟ بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئوتتۇرغا قويۇلغان پەرەزلەر گەرچە خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۇۋەندىكى تۆت چوڭ تۈرتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. دولان — «دۆۋىلەن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېگەن پەرەز. بۇ خىل پەرەزدىكىلەر خەلق ئارىسىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتى ۋە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ شۇنداق ھېسابلايدۇ: ھازىرقى دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان رايون ئەسلىدە جاڭگاللىق بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئائىلىلىك بىر يەرگە توپلىشىپ (دۆۋىلىنىپ) ئۆزم بولۇپ ياشىغان. كېيىن بۇ يەرلەرنىڭ تەدرىجىي ئاۋاتلىشىغا ئەگىشىپ، سىرتتىن كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن ۋە ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتقاندا «دۆۋىلەن» لەر ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دۆۋىلەن»دېگەن بۇ سۆز، ئېيتىشقا ئاسانراق «دولان» دېگەن ئاتالمىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

2. دولان — موڭغۇلچە يەتتە دېگەن سۆز. دېمەك، دولانلىقلار موڭغۇللارغا باغلىنىشلىق، دېگەن پەرەز. بۇ خىل پەرەزدىكىلەر دولان دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ 10 -، 11 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان تارىخىي مەنبەلەردە كۆزگە چېلىقمىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا شۇنداق ھېسابلايدۇ: 13 - ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىستىلاسىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن موڭغۇللاردىن يەتتە نەپەر كىشى ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە تەدرىجىي كۆپىيىپ، ھازىرقى دولانلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن...

3. دولان — قەدىمكى «تۇران» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن پەرەز. بۇ خىل پەرەزدىكىلەر ئۇلۇغ ئالىم مەخمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ت» ھەرپى بىلەن «د» ھەرپىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قائىدىسى ھەققىدىكى ئەمەلىي مىساللىرىدىن، پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ شۇنداق ھېسابلايدۇ: ئومۇمەن قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىلكىدە بولغان پەرغانىدىن سىبىرىيىگىچە، ئافغانىستاندىن سەددىچىن سېپىلىگىچە سوزۇلغان كەڭ دىيارغا بېرىلگەن «تۇران زېمىن» دېگەن بۇ ئورتاق نام، نەچچە ئەسىر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى داۋامىدا تىلىمىزدىكى «ت» ھەرپىنىڭ «د»غا ئالمىشىش سەۋەبىدىن «دولان»غا ئۆزگىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان...

4. دولان — قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى، دېگەن پەرەز. بۇ خىل پەرەزدىكىلەر شۇنداق ھېسابلايدۇ: دولان ۋە دولانلىقلارنىڭ مەركەزلەشكەن جايى مەكىتنىڭ ئەسلى ئىسمى بولغان «مەركىت» دېگەن بۇ ئاتالغۇلار، چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى، جۈملىدىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر تېخى مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن چاغلاردىكى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. دېمەك، «دولان» ۋە «مەكىت» دېگەن بۇ سۆزلەر

www.uyghurkitap.com



ئاشۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان...

يۇقۇرىدىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈت خىل پەرەز گەرچە ئۆزىگە چۇشلۇق بەزىبىر ئاساسلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئىككىسى نىسبەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، «چىڭگىزنامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلار ۋە باشقا تەتقىقات ماقالىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا «دولان» ۋە «مەكىت» دېگەن بۇ ئىسىملار ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىن بۇرۇنقى قەبىلە نامىلىرى بولۇشى، ھەم قەدىمكى چاغلاردىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى كەڭ زېمىنگە بېرىلگەن «توران» دېگەن نام بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئەمدى دولان خەلقى ياشاۋاتقان مۇھىت مەسىلىسىگە كەلسەك، دولانلىقلار ئاساسەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان. مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، يەكەن ۋە يوپۇرغا قاتارلىق مەكىت بىلەن چېگرىلىنىدىغان ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن يېزا - كەنتلەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھازىر «دولان» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رايون يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، خالاستان دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىتنى مەركىزىي ئورۇن قىلىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تاسمىقىغا، ئاۋات يېزىلىرىدىن تاكى مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا، ئاقساقمارال ۋە شامال يېزىلىرىغىچە سوزۇلۇپ بارغان بۇ يېرىم ئاي شەكىلدىكى كەڭ رايوننىڭ شەرق تەرىپى باشتىن - ئاياغ تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن غەرب تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تەخمىنەن 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان دولانلىقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئاز دېگەندىمۇ 300 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇددى قەدىمكىگە ئوخشاش قۇش، قارىچۇقا بېقىپ مەخسۇس ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ، لېكىن تەكلىماكان بىلەن چېگرىلىنىدىغان يىراق يېزىلاردا ھېلىھەم مەۋجۇت.

بۇلاردىن باشقا پۈتكۈل دولان دىيارى ئاساسەن مۇنبەت تېرىلغۇ ئېتىزلىقلار، تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئوتلاقلىقلار، باغۋاران، ئورمانزارلىقلار ۋە قىسمەن قۇملۇق جاڭگاللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ھال تىزگىنسىز دولان دەرياسى بىلەن بىرلىكتە قاتناشنىڭ نىسبەتەن قولاي بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەنە شۇ قاتناش قولايسىزلىقى — دولانلىقلارنى سىرتنىڭ تەسىرىگە ئانچە كۆپ ئۇچراتمىغاچقا دولان خەلقى ئارىسىدا «12 مۇقامنىڭ كونا مەنبەسى ۋە گەۋدىسى» بولغان دولان مەشرەپى، شۇنداقلا بىز بۇ ماقالىمىزدە قەيت قىلماقچى بولغان توي ئادەتلىرىگە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغان.

ئەندى ئەنە شۇ يەرلىك ئادەتلەر نىسبەتەن مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغان توي - تۆكۈنلەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

دولان خەلقى ئارىسىدا «مەسلىھەت چېيى»، «سۈت ھەققى» دېگەنگە ئوخشاش قائىدە - يوسۇنلار ۋە باشقا شەكىل ئۆزگەرگەن نىكاھ سودىلىرى ئەزەلدىنلا يوق بولۇپ، ئوغۇل بىلەن قىز ئۆز ئارا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى قىز ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپ، چىرايلىق، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. قىز تەرەپ مەيلى قېتىلسۇن ياكى قېتىلمىسۇن ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈپ ياخشى مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بەرگەن جاۋابىدا توي قىلىشقا قېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىككى تەرەپ شۇ مەيداندىلا توينىڭ ۋاقتى، ئېلىنىدىغان تويلۇق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ؛ قېتىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ھۆزۈرھالىق ئېيتىپ (ئەپۇ سوراپ) چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ئەگەر توينى قىلىشقا قېتىلىدىغان، ئەمما مەلۇم سەۋەبلىك بىلەن ۋاقتىنى كېيىنگە سوزۇش

نىسبىتى بولسا، ئەلچىلەر تويلۇق تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. «تويلۇق تاشلاش» دېگىنىمىز تويلۇق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بىرەر قىممەتلىك بۇيۇمنى قىز ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەشۇ توينىڭ ئاللا قاچان قارار قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ماددىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

داستىخىنىدا قورداق، پولۇ، كوچا، يەنە پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى بولىدۇ. نىكاھ ئوقۇش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۆز قولداشلىرى ئەرپىدىن قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ (قىز ئۆيىنىڭ ئىچىدە) بىر - بىرىنىڭ جاۋابىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ئاندىن نىكاھ قىلغۇچى موللا ئاللا تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن باشلاپ، نىكاھ سۈرىسىگە ئۇلاپلا، ئىسلام نىكاھ پىرىنسىپلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنۇ بەرلىك نىكاھ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ:

«...مېھرىبان ئاللا تائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇيى ھاۋاغا؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇيى ساراغا؛ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى بۇيى زۇلەيخاغا؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنى بۇيى خەدىچە تۇلكۇبراغا جۈپ ئەيلەپ، ئەناسۇل ئەۋلاد بىرلە ھۆججەتگاھ نىشانىسىغا كەلتۈردى. ئول خۇداۋەندە جاھان، خالىقۇ كۆنى مەكان، جانىلەن نورى ۋەززەلەم خالىقۇللە ۋەھى ۋەلقەلەم، ئاللاھ تابارەك ۋە تەئاللانىڭ ئەمرى بىرلە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت سەينىيەلىرى بىرلە، چاھار يارۇ باساپا رىزۋانوللاھى تائالا ئەلەيھىم ئەجمە ئىنىلەرنىڭ دوستانلىقى بىرلە، ئوشبۇمەجلىسە ئولتۇرغان مۆ ئىمنان سادىق ۋە مۇسۇلمان مۇۋاپىقلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىرلە، ××× خان، سىزنىڭ ھەققىي مېھرىڭىز ئۆزلىرى پۈتۈشكەن ھەققى - مېھرىگە تەئىن تاپتى. ئوشبۇ ھەقلەرگە رازى ۋە راغىپ بولۇپ، ئىككى جاھاننىڭ ھاللال جۈپلۈقى، بىسىيەتى پەرزەنت سالىھ ئۈچۈن، ×× ئاخۇنغا ئۆزىڭىزنى خاتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ (سوراق ئۈچ قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن، «قىلدىم» دېيىلىدۇ.) ×× ئاخۇن، سىز ئۆزىڭىز ھەم ھازىر تۇرۇپسىز. مەنكۇھىڭىز ×× خاننىڭ ھەققى - مېھرى ئۆزلىرىڭلار پۈتۈشكەن ھەققى - مېھرىگە تەئىن بولدى. ئوشبۇ ھەقلەرگە رازى ۋەراغىپ بولۇپ، ئىككى جاھاننىڭ ھاللال جۈپتىلۈقى، بىنىيەتى فەرزەنت سالىھى ئۈچۈن ×× خاننى خاتۇنلۇققا ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟ (ئالدىم دېيىلىدۇ).

يىگىتنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىزغا ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، بىر - بىرىنىڭ قىيامەتلىك ھەقىگە قارا سانىماسلىق، بولغۇسى پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان، ۋاپالىق، ئەدەب - ئەخلاقلىق، ئەندۇرۇس، ھاللالچى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ، ئەۋلادىي پاكلىقنى بىجا كەلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت - نەسىھەتلەر بېرىلىدۇ ۋە ئۆزغا چىلانغان نىكاھ لوقمىسى يېگۈزۈلۈپ، نىكاھ دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. دۇئادىن كېيىن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، نىكاھلانغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. بۇقىرىقى رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىلىدۇ. (بەزى تويلاردا نىكاھ ئەتىگەندىلا ئايرىم ئوقۇتۇلۇپ، قىز كېيىن يۆتكەپ كېتىلىدىغانمۇ بولىدۇ.)

دولان خەلقىنىڭ قىز يۆتكەش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، نىكاھ دۇئاسى ئوقۇلۇپ جامائەت نىكاھلانغۇچىلارنى تەبرىكلەپ بولغاندىن كېيىنلا، يىگىت بىلەن قىز ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر ئاتقا مىنگەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، تاللانغان بىر توپ نەغمىچىلەر دولان راۋابىنى تەڭكەش قىلىپ، تاكى يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىچە شوخ دولان مۇقاملىرىنى جۈملىدىن «جۇلا» مۇقامى تولاپ نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ. بۇ ئادەتتە «ھايلاڭ» دەپ ئاتىلىپ، كۆپ ھاللاردا ئۆزەندىكىدەك قىزىقارلىق قوشاقلار ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇلىدۇ:

قىز ئەرگە تېگەر بولسا،
ھۆپۈپتەك دوڭغىيىپ يىغلار.
قىز ئەردىن چىقار بولسا،
قارا قۇشقاچ بولۇپ سايرار.

جۇۋان ئەرگە تېگەر بولسا،
قارا قۇشقاچ بولۇپ سايرار.
جۇۋان ئەردىن چىقار بولسا،
ھۆپۈپتەك دوڭغىيىپ يىغلار.

چىغىن ئۈركىگەن توشقان،
چاپاندىن ئۈركىگەن توشقان
دۈشمەن ھەر نىمە دەيدۇ،
باشتۇدا خۇدا قوشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن ئاۋۋال قىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ چوڭ ئاممىۋى سورۇن تۈزىدۇ. جامائەت يىغىلىپ تويى داستىخىنى سېلىنىشتىن ئىلگىرى قۇدىلارغا جۈملىدىن قۇدىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىگە «قۇدىلىق چاي» بېرىلىدۇ. «قۇدىلىق چاي» دېگىنىمىز — قۇدىلارنى ئايرىم مېھمان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ داستىخىنى ئادەتتە توي داستىخىنىدىن مول بولىدۇ.

«قۇدىلىق چاي» بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن چوڭ سورۇنغا كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ. جۈملىدىن يۇرتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى سورۇندىكى ئورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن، قالغانلار ئۆز سالاھىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باشلاپ تاكى سورۇننىڭ ئاخىرقى چېكىگىچە قەدەر ئورۇن ئالىدۇ. بۇ خىل ئادەت گەرچە ھازىر پېشقەدەملەرنى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت توغرا ئىزغا چۈشكەن بولسىمۇ. لېكىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇنىڭ ئەكسىچە نوقۇل ھالدا سورۇندىكى ئورۇننى تالىشىدىغان ئىش مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا مەخسۇس «سورۇنغا چىقىش تويى» ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇنداق «توي»غا پۈتۈن يۇرت ئەھلى چاقىرىلىپ ئابرويلۇق 7 — 8 ئادەمگە تون يېپىلغاندىن باشقا، ئونلاپ - يىگىرمىلەپ قويلار سويۇلاتتى. مۇنداق «توي» ئاخىرىدا، يۇرت كاتتىلىرى «توي» ئىگىسىنىڭ مۇندىن كېيىنكى سورۇنلاردىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرەتتى، چۈنكى سورۇندا ئولتۇرغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولۇپ، بىر توي ئۈچۈن ئونلاپ - يۈزلەپ قويلار سويۇلىدىغان ئۇ زامانلاردا تويغا قاتناشقان ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ سورۇندىكى ئەشۇ ئورنى بويىچە گۆش تەقسىم قىلىناتتى. يەنە، سورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىگە «قارىنچۇقا ئۈچى» قويۇلسا، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئورۇن دەرىجىسى بويىچە «يان»، «ئۇچا»، «بوختان» ۋە «دول» قويۇلاتتى. ھەر بىر سورۇندا «قارىنچۇقا ئۈچى» قويۇلىدىغانلاردىن ئىككى كىشى؛ «يان»، «ئۇچا»، «بوختان» ۋە دول» ھەر بىر دەرىجىدە تۆت - بەشتىن كىشى بولاتتى. بۇلاردىن باشقىلارغا گۆش بىر خىل پارچىلىنىپ تارقىتىپ بېرىلەتتى.

ھازىر بۇ خىل ئادەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولۇپ، گەرچە تويدا ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قوي سويىدىغان يوسۇن ھېلىمۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن سورۇن ئەھلىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ بەش خىل دەرىجە بويىچە گۆش قويۇدىغان قائىدە ئاللىقاچان تۈگىتىلدى.

دولان خەلقىنىڭ ھازىرقى توي ئادىتىدە، سورۇن ئەھلى تولۇق يىغىلىپ دەستىخان تارتىلغاندىن كېيىن، ئارىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: ×× ئاخۇننىڭ بىر ئوغلى چوڭ بولۇپ ×× ئاخۇننىڭ بىر قىزى بويىغا يېتىپ ×× ئاخۇن ×× نىڭ قىزىنى بالا قىلىۋېلىش ئۈچۈن جۈملىدىن بىر جۈپ ياشنى قىيامەتلىك جۈپتى - نىگارلاردىن قىلىپ چېتىپ قويۇش ئۈچۈن ×× ئاخۇننىڭ ئازراق تەييارلىغىنى بار ئىكەن...» دېگەندەك تەكەللۇپلارنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تويلۇقلارنى بىرمۇ بىر ئاتاپ سورۇندىن ئۆتكۈزۈپ قىز تەرەپ «ھەشقاللا» بىلەن تويلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇل بولغۇچىغا ئېسىل دۇخاۋا بەلباغدىن بىرنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇللىرىدىن كۈتكەن: «بەختلىك، ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا مەڭگۈ بەل باغلا» دېگەن سەممىي ئۈمىدىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن توي قىلغان يىگىتنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بىر كىشى تەرىپىدىن بىرمۇ بىر ئىسمى ئاتىلىپ سورۇنغا قويۇلىدۇ، سوۋغاتلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش سۆزلەر بولۇپ، رەختلەر ئومۇمەن «بىر كىيىم» دەپ؛ «نان بىر توققۇز» دەپ؛ مېۋە - چېۋە، قوماچ، ئۇخۇم قاتارلىقلار «مانچە خون» (لىگەن) دەپ؛ پۇل بىر نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئاتىلىدۇ. دولان خەلقى تويغا سوۋغات ئالماي كېلىدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى گىلەم، قوي، چامادان قاتارلىق ئائىلە مۇلازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ كەلسە، قول ئىلكىدە يوق، ئەڭ نامرات يات كىشىلەرمۇ ھېچ بولمىغاندا تۆت نان بىلەن بىر كىيىم رەخت ئالماي تويغا كەلمەيدۇ.

ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغا - سالاملار قوبۇل قىلىنىپ، توي داستىخىنى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، توي قىز يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىشىك تۆۋىگە ئوت يېقىپ ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ. بۇ، توي قىلغان ئىككى ياشنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەڭگۈ ئاشۇ ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرۇشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قىز ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆز قولداشلىرى ياكى يەڭگە بولغۇچى بىلەن، ئالدىن تەييارلانغان ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئاساسەن يىگىت تەرەپنىڭ كىشىلىرى بولۇپ، تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ئادەتتە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ.

ئەتىسى توي يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ تويدىمۇ ئوخشاشلا ئاۋال «قۇدىلىق چاي» بېرىلگەندىن كېيىن چوڭ سورۇن تۈزۈلۈپ توي داستىخىنى سېلىنىدۇ؛ سوۋغا - سالاملار سورۇندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تويىنىڭ قىز ئۆيىدىكى تويغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ كۈنى ئاتاقلىق قالۇنچىلار دولان راۋابى ۋە دولان غېجىكى چالغۇچىلار بىلەن نەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن دولان مەشرىپى ئوينالسا، جۈملىدىن زورۇر تېپىلغاندا دەرە ئويۇنى، چاي سۇنۇش ۋە بولى قىلىپ ئويۇن چىقىرىش قاتارلىق دولان مەشرەپنىڭ خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ئورۇندالسا، يەنە بىر تەرەپتىن توي ئىگىسى چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ ئوغلاق سېلىپ بېرىدۇ. بىرەر يېرىم سائەتلا داۋام قىلىدىغان توي داستىخىنى سېلىش ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئوتتۇرىدا قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەھلى جامائەت شۇ كۈنى كەچكىچە مەشرەپ ئويناپ، ئوغلاق تارتىشىش تاماشىسىنى كۆرىدۇ.

لېكىن تويىنىڭ شۇنچە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشىگە قارىماي بۇ بەردە توي چىقىمى ئۇنچىلا بەك ئېغىرمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ. ئوتتۇراھال ئائىلەرىنىڭ ئوغۇل تەرەپ توي چىقىمى ئوتتۇرا ھېسابتا 5000 سوم 6000 سوم ئەتراپىدا بولىدۇ.

توي ئاخىرلىشىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (قىز ياكى ئۆينىڭ تەڭتۇشلىرى قورساق كۆتەرگەندىن كېيىن) «يۈز ئاچقۇ» تويى («چاچۋاخ تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۆتكۈزۈلۈپ قىزنىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. بۇ تويدا يۈزى ئېچىلىدىغان قىزغا يەنە بىر يۇرۇش تويلۇق ئېلىنغاندىن باشقا، مەخسۇس گىرىم قىلغۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ قىزنىڭ يۈزىگە ئادەتتىن تاشقىرى مۇبالىغىلىك گىرىملار قىلىنىپ، يۈزى يېپىلغان ھالدا سورۇنغا ئېلىپ چىقىلىدۇ ۋە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. قىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت بېشى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، يۈزىنى ئېچىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇندا تەبىئىي كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، مەشرەپ تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا كۆپىنچە مۇنداق قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ:

كەچ بولدى زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچىنى ئۈزۈن سالىپ،
بىر ياخشى جۇۋان بولدى.

جۇۋانلار مەن دېگەن بىلەن،
ساماغا دەسسىيەلمەيدۇ.
ئوسمىنى دەمدەك قويۇپ،
يىگىتكە ئەرزىيەلمەيدۇ.

دولانلىقلارنىڭ «يۈز ئاچقۇ» تويى — نوقۇل ھالدىكى چۈمبەلنى ئېچىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى توي قىلغان قىزنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ تارتىنىش، قورۇنۇشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەم، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق ئىشلاردا ئەھلى جامائەتكە ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. «يۈز ئاچقۇ» تويى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، توي قىلغۇچىلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەل - جامائەت قاتارىغا قوشۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ۋەيران قىلىشتا ھەققەتەن

(ئاخىرى 55 - بەتتە)

# ئاماننىساخان قەبرىگاھى

ئوبۇل. مەمتىلى

16 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغان ئۇلۇغ مۇقامشۇناس، شائىرە ئاماننىساخاننىڭ قەبرىگاھى 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 2 ـ نۆۋەتلىك 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سوۋغا سۈپىتىدە قەدىمكى دىيار يەكەندە قەد كۆتۈردى. زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم، تەتقىقاتچىلار ۋە كەڭ خەلق قەبرىگاھ ئالدىدا ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى ياد ئېتىپ، روھىغا قايغۇلۇق ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى.

مەن ئاماننىساخان قەبرىگاھىنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلىگۈچى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنلىكىم ئۈچۈن، قۇرۇلۇشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى خەلقىمىزگە مەلۇم قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.
ئاماننىساخان قەبرىگاھى يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلىقى، ئالتۇن مازار، شىمالىي تەرىپىنى ئالتۇن مەكتەپ، ئالدى تەرىپىنى ئالتۇنلۇق يول (ئالتۇن دەرۋازا)، ئارقا تەرىپىنى ئالتۇن كۆل ئوراپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل ئىمارەت «ئالتۇن» نامى بىلەن ئاتالغان بىر يۈرۈش مەشھۇر ئورۇنغا جايلاشقان. قەبرىگاھ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، قۇرۇلمىسىنى ئاساسەن يەر ئاستى قەۋىتى (شامگور قىسمى)، بىرىنچى قەۋەت (ئاساسلىق قەبرە قىسمى)، 2 ـ قەۋەت، 3 ـ قەۋەت (گۈمبەز) دىن ئىبارەت تۆت قەۋەتكە بۆلۈشكە بولىدۇ. قەبرىگاھ يەر يۈزىدىن 17 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 490 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھنىڭ تۈۋرۈك ۋە گۈمبەزلىرى بىر گەۋدە بولۇپ پۈتۈن ئىمارەتنى ناھايىتى كۆركەم كۆرسىتىدۇ.

يەر ئاستى قىسمى ئاساسەن ئاماننىساخاننىڭ جەسەت سۆڭىكىنى قويىدىغان شامگور بولۇپ، يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر چوڭقۇر كولىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك بېتون بىلەن قاتۇرۇلۇپ، 20 تۈۋرۈك ۋە پولات چىۋىقلىق بېتون تاختاي ئارقىلىق يېپىپ چىقىلدى. يەر ئاستى قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈمبەزلىك شامگور چىقىرىلىپ، شائىرنىڭ جەسىتىنى قويۇش ئۈچۈن راسلاندى، بىرىنچى قەۋەت پۈتكۈل قەبرىگاھنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، بۇ قەۋەتكە ئاماننىساخاننىڭ قەبرىسى قويۇرۇلۇپ ئەتراپىنى ئىچكى ئايلانما كارىدوردىن كېيىن گۈللۈك نەقىشلىك پەنجىرە ۋە ئاستىدىن قويۇپ چىققان 20 تۈۋرۈك ئوراپ تۇرىدۇ. قەبرە ناھايىتى ئېسىل زىننەتلەنگەن بولۇپ، نەقىشلىك پار ـ پۇر كاھىش ئىشلىتىلدى. ئايلانما كارىدورغا يولۋاس تېرىسى رەڭگىدىكى خىش ياتقۇزۇلدى، پەنجىرىلەرگە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغان گۈللەر ئىشلەنگەن بولۇپ، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئەينى زاماندىكى سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە يەكەن دىياردا ياشىغان زادىلارنىڭ مازىرى، قەبرىگاھى ۋە شۇ دەۋردە ياسالغان مەسچىتلەردىن تاللىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پەنجىرىچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى تولۇق نامايان قىلىندى. تۈۋرۈكلەرنىڭ ماتېرىيالى بېتون بولۇپ، زىننەت قىسمىغا چىداملىق گەج بىلەن خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى قوشۇپ سۇۋاپ نەقىش ئويۇلدى. تۈۋرۈك بېشى شەرھىيلىك قىلىپ ياساپ چىقىلدى. تۈۋرۈك بىلەن پەنجىرە ئارىلىقىدىكى سىرتقى ئايلانما كارىدورنىڭ ئاستىغا پارقىراق يولۋاس تېرىسى رەڭگىدىكى خىش ياتقۇزۇلۇپ، تورۇسى ۋاساجۇپ قىلىپ يېپىلدى. ۋاساجۇپنىڭ ماتېرىيالى بېتون بولۇپ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر قەدىمكى خاتىرە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ۋاساجۇپلىرىنى سىمونتتىن چىقىرىشتەك يېڭىچە ئۇسۇل يارىتىلدى. قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋاسا، تۈۋرۈكلىرىنى سىمونتتىن ياساپ چىداملىقىنى ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى قەۋىتى يۇقىرى قەۋەتتىكى گۈمبەزنى ئېگىش ئۈچۈن قوللىنىلغان قوشۇمچە قەۋەت بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىچىدىن قارىسا سەككىز تەرەپلىك، قەبرىگاھ سىرتىدىن قارىسا تۆت تەرەپلىك كۆرۈنىدۇ. ئىچىگە چۈرۈلدۈرۈپ نەقىش ئويۇلدى. سىرتىدا 16 دانە ئالتە بۇرجەكلىك قىسقا تۈۋرۈك قويۇرۇلغان بولۇپ، تۈۋرۈك

ئارىسىدا مېھراپ، تۈۋرۈك بېشى ئوخشاشلا مىللىي ئۇسلۇبتىكى شەرھىيلىك تۈۋرۈك قىلىندى. تۈۋرۈك ۋە مېھراپلارغا قەدىمكىگە تەقلىد قىلىنغان گۈللۈك كۆك رەڭلىك پار - پۇر كاھىش چاپلانغان بولۇپ، تۈۋرۈك، مېھراپ ۋە چاپلانغان كاھىشلار پۈتۈن ئىمارەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۈس بېرىدۇ.

ئۈچىنچى قەۋەتتى گۈمبەز بولۇپ، ئېگىزلىكى 3.40 مېتىر، دىئامېتىرى 5.70 مېتىر كېلىدۇ، گۈمبەزنىڭ سىرتقى قىسمىمۇ ئوخشاشلا، رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، 16 بۆلەككە بۆلۈنۈپ كۆكگۈر چىقىرىلغان. گۈمبەز ئىچى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللۈك ئويما نەقىش بىلەن بېزەلگەن. گۈمبەز ئۈستىگە ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە قەپىزەك چىقىرىلغان. قەبرىگاھنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىگە پەلەمپەي چىقىرىلغان بولۇپ، پەلەمپەي ئارقىلىق 1 - قەۋەتكە چىققىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئومۇمىي ئىمارەت چىداملىق، قەدىملىك ۋە كۆركەملىكتە يۇرتىمىزدىكى مەخمۇت قەشقىرى مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئابىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىمارەت دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە، قەيسەر ئۇيغۇر قىزى ئامانىسساخاننىڭ زامانىمىزدىكى ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى، دەۋرىمىزدىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئانىسى — 12 مۇقامنى ۋە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئامانىسساخاندەك باتۇر، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن مۇقام يۇرتىنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ.

مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىسساخان قەبرىگاھىنىڭ ياسىلىشى بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات، ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئېچىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ۋە يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 39 - بەتتە)

دېمەك، بىز يۇقىرىقى ئۈچ ئۆڭكۈر توغرىسىدىكى ئىلمىي پاكىتلار ۋە مىڭئۆي توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مىڭئۆينى خارابىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ مىڭئۆي خارابىسى بايقالغان 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، دىن ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى كېلىپ زىيارەت قىلدى. ئۆڭكۈر تاملىرىدا ساياھەتكە كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەنزۇ يېزىقتىكى ئىسىملارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىلىرى خېلى كۆپ. ئەڭ دەسلەپتە 1789 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى) چەت ئەللەردىن ئەنگىلىيلىك سى تەيىن، فرانسىيلىك باسگىر، گېرمانىيلىك لىكوك، ياپونىيلىك رۇچۇە نىچاۋ قاتارلىقلار ئۈچ ئۆڭكۈرنى زىيارەت قىلىپ خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە باسگىرنىڭ 1906 - يىلدىكى قالدۇرغان ئىسمىنى ھازىرغىچە كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا چەت ئەللەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ئارخېئولوگلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بۇ مىڭئۆي خارابىسىدىكى دۇنياغا تېخى مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن گۈزەل تام رەسىملىرىنى سۆكۈۋالغان، بۇتلارنى بۇلاپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۈچ بۇرهان

مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى

ئۈچ بورهان (قومال تاغ ئەتراپىدىكى بەشكېرەم ھەم ئاتۇش خەلقىدە بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغانلار كۆپ بولۇپ، بۇ يەرلىكلەر بۇنى توققۇز ھوجرا دەيدۇ) قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئون كىلومېتىر كېلىدىغان چاقماق دەرياسى (بەشكېرەم دەرياسى)نىڭ ئۈستۈن ئاتۇش تەرەپتىكى ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى يارلىقنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان °75 — °76 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۈچ بۇرهان قاپتالدىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 13 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، بۇ يەردىن يەنە يەتتە مېتىر ئۆرلىگەندە تاغنىڭ چوققىسىغا چىققىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۈچ بۇرهان ياكى توققۇز ھۇجرا تاغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت شەكلىدە ياسالغان بۇرهانلار ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ئائىت نەقىشلەر بار.

ئۈچ بۇرهان ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: زامانى ئاۋۋالدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قىزى بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن، ئۇ قىزنى بىر كۆرگەن ھەر قانداق ئەركىشىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەس، كېلىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ ئىشقىغا مۇپتىلا بولىدىكەن. شاھ قىزىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك شاھ قىزىنىڭ كېيىنكى بەخت - سائادىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بىقىش يۈزىسىدىن رەمچىگە رەم باقتۇرۇپ كۆرۈپتۇ. رەمچى شاھنىڭ بۇ ساھىبجامالىنى «ئەگەردە ئېھتىيات قىلمىسا ھەرە چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھ خاتىرجەم بولالماي ئۆز ئوردىسىدا ساقلاشقا رايى بارماپتۇ ۋە نەۋكەرلىرىدىن قانداق جايدا ھەرە يوق دەپ سورىسا شۇنىڭ بويىدا ھەرە يوق،— دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئېگىز تاغ قاپتىلىغا كۆركەم نەقىشلىك ھۇجرا (ئۆي) قازدۇرۇپ، قىزنى شۇ ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ھۇجرىغا قىرىق ۋاخمىنلىق شوتا بىلەن چىققىلى بولىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەشكېرەمدىن بىر ئۈزۈمچى ئۈزۈم ئېلىپ، بۇ ھۇجرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ئۈزۈمدىن بىر ساپاق بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۈزۈمچى بىر ساپاق ئۈزۈمنى قىزغا سۇنۇپ بېرىپتۇ. ئۈزۈمنىڭ ئارىسىدىن بىر دۇ (ئۈمۈچۈك) چىقىپ بۇ گۈزەل ساھىبجامالنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، كۆپ يىغلاپ كۆزى كۆرمەس، قولىقى ئاڭلىماس بولۇپ، قايغۇ - نادامەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

رىۋايەت دېگىنىمىز ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي توقۇلما ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلغۇچى ئىجادىيەت تۈرى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ھەمدە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن زىچ باغلانغان. يۇقىرىقى پاكىتلار بۇ ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىن ئېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

1979 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن كەلگەن يولداشلارغا ھەمراھ بولۇپ بۇ ئۈچ ئۆڭكۈرنى تەكشۈرۈپ ئاندىن بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ سىرىنى ئاچتى.

بۇ ئۆڭكۈرلەر شىمالغا قارىتىپ قاتارىسىغا قېزىلغان بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئىشىكنىڭ كىشىكگە ئوخشايدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈر ئەڭ چوڭ، ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ ھۇجرىسى ئالدى ھۇجرا ۋە ئارقا ھۇجرا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئالدى ھۇجرىسى چوڭ، كەينىدىكى ھۇجرىسى كىچىك، ئالدىدىكى ھۇجرا ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى جەھەتتىن ئوخشاشلا تۆت مېتىردىن كېلىدۇ. ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئىككى مېتىردىن بەش مېتىرغىچە، كەينىدىكى ھۇجرىسى ئالدىدىكىنىڭ يېرىمىدەك بار. ئۈستى گۈنۈس (ئەگمە) شەكلىدە. ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ ئارىلىقىدىكى تاملارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كىچىك ئۆڭكۈرلەر بىلەن ئۆتىشىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى ھۇجرىسى قۇرۇق (ھېچنەرسە يوق)، كەينىدىكى ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى دانە بۇت

ھەيكىلى بار. بۇت ھەيكىلىنىڭ رەڭلىك لاي سۇۋىقى سويۇلۇپ كېتىپ تاش جىسمىلا قالغان. باش قىسمىنى كىمنىڭ كېسىۋەتكەنلىكى نامەلۇم، شۇڭا، بۇ ھۇجرىلاردا ھېچقانداق نەرسە يوق، شەرقىدىكى ئۆڭكۈر خېلى كەم، ئۇنىڭ ئارقا ھۇجرىسىدا بىر تاش كارىۋات بولۇپ، ئۈستىدە 40 مىللىمېتىر ئەتراپىدا ئۇزۇنچاق تۆت چاسا تۆشۈك بار، بۇ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا بۇت تىكلەپ قويىدىغان كامار بولسا كېرەك. لېكىن بۇت يوق. شەرق تەرەپتىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى ھۇجرىسىدىكى تام رەسىملىرى ۋە رەڭلىك بېزەكلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئىنتايىن قىممەتلىك بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ تۆت تېمىغا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان ھەر خىل بۇت رەسىملىرى كۆپلەپ سىزىلغان. ئەپسۇسكى ئۈچتىن ئىككى قىسمى سويۇلغان ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن. قالغان قىسمى بىر ئاز ئەسكىرەپ كەتكەن. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ تاملىرىدا 70 تىن ئارتۇق بۇت رەسىملىرى ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، رەسىملەر بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. باش قىسمىدا نىلۇپەر گۈللۈك بېزەكلىرى بار. ئۇنىڭ ئارىلىقىدىكى نىلۇپەر ئورۇقلىرىنىمۇ سانىغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ تۆت تەرىپىگە يەنە 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بۇت بولۇپ، ئىككى قولى كۆكرەك ئالدىغا توغرا قويۇلغان، بۇنىڭ كەينىدىكى رەڭلىك نۇر ھالقىسى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ بۇتلارنىڭ بېزىلىشى بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپتىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئاز قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شەرقىي ئۆڭكۈرنىڭ ئارقا ھۇجرىسىدا يەنە بىر تىك شەكىلدىكى بۇت ساقلانغان. بۇ بۇتنىڭ ياسىلىشى كۆركەم، جانلىق ۋە ناھايىتى ئېتىك. بۇتنىڭ بېزەكلىرى ئېخىمۇ باشقىچە بولۇپ، باشقا بۇتلاردىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. قورساق قىسمىنىڭ ئاستى يېشىل، قىزىل، كۆك رەڭلەر ئارىلاشقان سىزىقلار بىلەن سىزىلغان. ياسىلىش شەكلى ۋە ئىشلەتكەن رەڭلەر ئېلىمىزدە ئازىرغىچە بايقالغان ئۆڭكۈر تام رەسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاز كۆرۈنىدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۆڭكۈر ئىچىدىكى رەڭلەر نەپىس، سىپتا سىزىلىشىمۇ ئۆزگىچە جانلىق بولۇپ، غورىقاردىكى قەدىمكى خەلقنىڭ يۈكسەك يۇقىرى تەسەۋۋۇر كۈچىنى، مەدەنىيىتىنى، ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىز يۇقىرىقى ماددىي ۋە مەنىۋى پاكىتلاردىن بۇ ئۆڭكۈردە مىڭئۆي بىناكارلىق سەنئىتى تولۇق ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇرتىمىزدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى چۆكمە جىنىسلاردىن ھاسىل بولغان تاغ يارداڭلىرىنى مىتال سايمانلار بىلەن تېشىپ ۋە قېزىپ ياسالغان بولۇپ، ھۇجرىلارنىڭ بەزىلىرى سوزۇنچاق كېمىر شەكىلدە، بەزىلىرى تۆت بۇرجەك ياكى يۇملاق گۈمبەز شەكىلدە، ياكى قەپەز شەكىلدە قېزىلغان. ھۇجرىلاردىكى بۇددىزم رەسىملىرى ناھايىتى كۆركەم ۋە گۈزەل بولۇپ، دەرسخانا، ئەتكاپخانا، راھىبلار تۇرالغۇسى، كۆتۈپخانا (نوم - سۇترالارنى ساقلايدىغان ئۆي)، جەسەت كۆلى ئۆيى قاتارلىقلار تەرتىپلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھۇجرا ئىچىدىكى رەسىملەر، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە بۇت - ھەيكەللىرى ئۆزلايىقىدا يارىتىلغان ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ «گۈزەللىكى»نى ۋە سەلبىي ئوبرازلارنىڭ «قەدىملىكى»نى ئېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ھازىر مىڭئۆي چۈشەنچىسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىسى، «مىڭئۆي» چۈشەنچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇددا راھىبلىرى غارلىرى ياكى بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرى دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىراق بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرلار تىلىدا «ساكرام» (سانسكرىتچە مەنىسى راھىبلار جەم بولىدىغان ئورۇن ) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «مىڭئۆي» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەت كۆز قاراشلار تارقالغان.

ئىككىنچىسى، بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن زۆرۈرىيەت (ئەدەبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن دىنىي تەرغىبات شەكلى) تۈپەيلىدىن مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا ياسالغان. ھۇجرىلارنىڭ قۇرۇلما شەكلى «چاتيا» (تەبىئىي تۈۋرۈكلەر ئەتراپىدا ئايلانما ئايۋانلار بار ئىستىقامەت ئۆيى) ۋە «ۋىخارا» (تۈۋرۈكسىز، سوزۇنچاق، تۆت چاسا دەرسخانا، ئەتكاپخانا ۋە راھىبلارنىڭ ياتاقخانىسى)دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جاينى گۈزەل سەنئەتنىڭ جەۋھىرى توپلانغان تەبىئىي مۇزېي دېيىشكە بولىدۇ.

(ئاخىرى 37- بەتتە)

# شىنجاڭ ۋە ئوردۇبالىق قاغانى

## (تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ 14 ـ قۇرىغا ئىزاھ)

س. گ. كىلياشتورنىي

تېرخىن مەڭگۈ تېشى ياغلاقار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تۇنجى مەشھۇر خاتىرە تېشىدۇر. ئۇ 753 ـ يىلدىن سەل كېيىنرەك ۋە 756 ـ يىلدىن بۇرۇنراق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 ـ 759) موڭغۇلىيىدە ئۇيغۇر خاقانلىقىنى قۇرۇپ تولۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش خاقانلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئەھۋالدىن، يەنى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئورخۇننىڭ مەركىزىي ئوردۇبالىقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ چېگرا لىنىيىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بۇ يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بارغان سىياسىي، ھەربىي ۋە باشقا پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ 14 ـ قۇرى ئاشۇ ھەربىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ:

(14) ... buni — yaratiyma bilga — qutluy tarqan sujun — bunca — boduniy — atin — yolin yayma lumcisi (var. cisi) eki — yoritdi qutluy bilga sajun urusu qutluy — tarqan sajun ol — eki yor (15) yarliqadi

(14) بۇنى (خاتىرە تاشنى) ئورناتقۇچى بىلگە قۇتلۇق تارخان سانغۇن، ئۇنىڭ نورغۇن خەلقنى بويسۇندۇرغانلىق شەرىپى بىلەن كۆپ خەلق پەخىرلىنىدۇ. ئۇ ياغما ۋە لۇمجىسى (قارشى) غا ئىككى ئادەمنى ئەۋەتتى. قۇتلۇق بىلگە سانغۇن ۋە ئۇرۇشۇ قۇتلۇق تارخان سانغۇنغا بۇيرۇق قىلىپ (15) بېرىڭلار! ' ـ دېدى.

ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بويسۇندۇرۇلغان سەركەردىلەرنىڭ سانىمۇ مۇشۇ قۇردا تەسۋىرلەنگەن. بايىرقۇ، ياغما ۋە خەنزۇ، سوغدىلارنىڭ باشلىقىنى ئۇلار «سەركەردە» (bas) دەپ ئاتايدۇ. ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى قۇتلۇق تارخان سانغۇن ۋە كېيىنكى بۆگۈ قاغان (759 ـ 779) لار تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئاپتورلىرى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزلىرى بايان قىلىپ بەرگەن.

ئىككى ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردىسىنىڭ 753 ـ 756 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئەھۋالى ياغما ۋە لۇمجىسى دېگەن ئىككى نام بىلەن ئاساسلىنىدۇ.

تۈرك ئېتنولوگىيىسىدە ياغمىلار مەشھۇر بولۇپ، پىرسىيىنىڭ ئىككى جۇغراپىيىۋى ئەسىرى «ھۇدۇدۇل ئالەم» (X ئەسىر) ۋە گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» (XI ئەسىر) دىن بۇرۇن رونىك ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

«ھۇدۇدۇل ئالەم» گە ئاساسلانغاندا، ئۇلار نورغۇن قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدە سۈپىتىدە شەرقىي توققۇزغۇزلار (ئۇيغۇرلار) ئىچىدە ياشىغان. قارلۇقلار غەربتە، كۇچا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دىلتا رايونلىرىدا ياشىغان، يەنى ئۇلار شەرقىي تەڭرىتاغ تېررىتورىيىسىدىن تارتىپ كۇچانىڭ شىمالىي ۋە قارا شەھەرگىچە جايلاشقان. ياغمىلار بولسا غەربتىكى قەشقەر شەھىرى ۋە رايونلىرىنى كونترول قىلغان.

X ئەسىردە ياغمىلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئاھالىلەر توققۇز غۇزلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بەزى ئاھالىلەر شۇ تېررىتورىيىدىكى توققۇزغۇزلار بىلەن بىللە ھايات كەچۈرگەن (11، pp 95، 96، 288 ـ 281). گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىكى مۇشۇ ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا پەيدا بولغان. ئۇ ياغمىلارنى: «ئات،

ئۇلاغلارغا ناھايىتى باي خەلق بولۇپ، ئايلاپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدىغان ھالەتتىن يېزىدا ئولتۇراقلىشىشقا كۆچكەن» دەپ يازغان. ھەر ئىككى ئەسەردە ياغما بىلەن قارلۇق ھەم كىماك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك داۋام قىلغان زىددىيەت، تالاش - تارتىش خاتىرىلەنگەن. شۇنداقلا ئۇلار تايانغان غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. كېيىنكى ئەھۋاللار غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ 766- يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ ئاخىرلاشقان ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردىسىنىڭ ياغمىلارنىڭ يېرىدە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئەھۋال ياغمىلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ كەڭ تېررىتورىيىسىدە، يەنى شىنجاڭنىڭ شىمالىي، غەربىي شىمالىي قىسمىدا جايلىشىپ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى ئەسلى مەنبەدىكى دەۋر بىلەن بىرلىككە ئىگە. ئۇرۇشتىكى بۇ يېتەكچىلىك شۇ چاغدا بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ (تېرخىن ئابىدىسىنىڭ 15 - قۇرى) تەكىتلەۋاتقىنى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. بايىرقۇ، ياغما، خەنزۇ ۋە سوغدىلار شەرقىي تەڭرىتېغى ئېگىزلىكىدىكى ئوتلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئاساسىي بىر بۆلىكىدۇر. ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەھەللىلىرى ۋە تاغ يانباغىرلىرىدىكى كەنتلەرگە جايلىشىپ ياشىغان.

لۇم - جىسى دېگەن بۇ نام تەزكىرە ئېكىستىدە مۇجمەل يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ توزۇلۇشىنى كۆزەتكەندە سۆزنىڭ 2- بوغۇمىنىڭ خەنزۇچىسى cishi (tzushih) بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈركچە تولۇق ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ مەنىسى «ھاكىم دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارى» بولىدىغانلىقىنى ئانچە قىينالمايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەنزۇچە چىسى (cishi (tzushih سۆزى مەلۇم ناھىيە ياكى ئوبلاست دەرىجىلىك جاينى، ياكى شۇنىڭ باشلىقى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئىمپېرىيىگە تايانغان قەبىلىلەرنىڭ پۈتۈن زېمىنىدىكى نادان خەلقىنىڭ نامىدۇر.

خۇددى شىنجاڭ ئۇرۇش سەھنىسى بولغىنىدەك، Lumcisi دېگەن بۇ نام چوقۇم ئىمپېرىيىگە تايانغان سەركەردىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنى ياكى شۇ تېررىتورىيىدىكى قەبىلە باشلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن «غەربىي رايون» لۇن lun ئاتلىق كىشى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، لۇن lun يەنە قاراشەھەر ھۆكۈمرانىنىڭ سۇلالە نامى بولۇپ ئىمپېرىيىنىڭ ۋاسالى (بېقىندىسى) ئىدى. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، توخارلاردىكى لۇم lum سۆزى ئوتتۇرا جۇڭگو تەلەپپۇزىدا لۇڭ long (lung) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. خەنزۇتىلىدا سۆز ئاخىرى um— قوشۇمچىسى بولمىغانلىقتىن يۇقىرىقىدەك ترانسكرىپسىيە قىلىش تولۇق مۇۋاپىق كېلەتتى. (بۇ، س. گ. ياكونتوۋنىڭ مەلۇماتى بىلەنمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە).

قاراشەھەر تارىم ئويمانلىقىدىكى ناھايىتى مۇھىم بوستانلىق بولۇپ، كۇچا ۋە ئىدىقۇت (قوجو) نى بويلاپ بۇيۇك يىپەك يولى ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى سۇ بايلىقى مول ئوتلاق رايونلىرىنى كونترول قىلدى.

توخارلارنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىدىكى لۇم خەنزۇ مەنبەلىرىدە خېلى ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىلا تىلغا ئېلىنغان ھەم خاتىرىلەنگەن. بۇ، قاراشەھەر ئارمىيىسى 630—640 - يىللىرىدىكى ئۇرۇشتا زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان، دۆلەتتە ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن چاغ ئىدى. 645 - يىلى ئارمىيە قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى بىلەن پادىشاھ تەيزۇڭ (taitsung) ئىمپېرىيىگە تايانغان ۋاسسال ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلدى.

شەنيۈەن (chan — yuan) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە (674 -675)، قاراشەھەر تىبەتلەرنىڭ (670-693) باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، 661 - يىلى ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى. يەنچىدە تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغىنىنىغا ئاساسلانغاندا شۇ چاغلاردا جو (zhou)

تېررىتورىيىسىدە ئالاھىدە بۆلۈنمە مەمۇرىي رايون قۇرۇلمىغان يەنچىنىڭ يۇقىرى ئەمەلدارىنىڭ چىسى (cisi) دېگەن بۇرۇنقى ئىسمى ساقلاپ قېلىنمىغان.

تاڭ سۇلالىسىدىكى بارلىق تارىخنامىلەردە تيەنباۋ (Tien pao) (742 ـ 755) دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يەنچىنىڭ ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ ۋاسسال ھاكىمىيىتىگە بېقىنغۇچى ۋاسسال مەھكىمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

تاڭ سۇلالىسىدە يۈز بەرگەن ئەنلۇشەن (ئۆگلۈك سۆيگىن توپىلىڭى تاڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۇزۇن يىللار زەئىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 756ـ758ـيىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇز ھۆكۈمرانلىقىنى تەدرىجىي مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. گەنسۇغا تىبەتلەر يېڭىدىن بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىمپېرىيە دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، تىبەتلەرگە قارشى ئىمپېراتورنىــــڭ باتۇرانە ئۇرۇشلىرى غەربىي رايوندىكى ئەنشى (kucha) ۋە بېيتىڭ (Besbaliq) دىمۇ قارشىلىق ئوتلىرىنى ياندۇردى. ئۇيغۇرلار بۇ مۇرەككەپ مۇھىتتىن ئوبدان پايدىلاندى ۋەزور قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى؛ شەرقىي تەڭرىتېغىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنى قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ قاراشەھەرنى ئېلىپ 756ـيىلى ئەتراپىدا كۇچا ۋە بېشبالىقتىكى تىبەتكە قارشى جۇڭگوغا تەۋە جايلارنى ساقلاپ قالدى. شۇنداقلا يەنە ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بارلىق مۇنبەت بوستانلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا كىرگىزدى. تارىخىي رېئاللىقتا ئۇيغۇن، ئەمما ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان غەربتىكى ئۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلغان ئىككى ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردىسى تېرخىن مەڭگۇ تېشىدا ناھايىتى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. 756ـيىلىدىن شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق رەقىبى تىبەتلەر ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ 80ـيىللىرىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيىنى ھەربىي، سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىش ئۇرۇش ئوتى ياندى. تىبەتلەر خېشى (Hoshi) ۋە لوپنۇر (Lop—nor) بىلەن خوتەن ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ تۇردى. 788ـيىلى دۇنخۇاڭنى (Tunhuang) نى ئىگىلەپ، ئۆزىنى كۈچەيتىــــپ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قارىمۇقارشى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، تىبەتلەر قارلۇقلارنى قوللىغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار 1ـقېتىم ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 788ـ791ـيىللىرى كۇچا ۋە بېشبالىقتىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرى يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەيلا تىبەتلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. 797ـيىلدىن سەل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار بېشبالىقنى ئىگىلىدى.

ئوتتۇرا پرسىيىلىك «ماخرناماگ» (Mahr — namag) نىڭ مانى دىنى قەسىدە توپلىمى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى باۋيى 808ـ821 (Baoyi (Pao—i ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، خاقانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرغانلار خاقاننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىدى. ئۇلار ھەم مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياغلار قار ئىنال تۇرپان بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي قوجۇنى باشقۇرغان، يەنە بىرى قەشقەرنى باشقۇرغان.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ تېررىتورىيىگە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەرلەر ئوردۇبالىقنىڭ سىياسىي باشقۇرۇشىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىــــرىدا ئۇيغۇرلار ئېروسىيە چوڭ سودا يولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىسمىنى كونترول قىلىپ كەلگەن. بۇ يول ئاساسلىقى جۇڭگودىن چىقىپ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرققە تۇتىشاتتى.

---

— بۇ ماقالىنى ئىقبال مۇھەممەتتۇرسۇن لېنىنگرادتا چىقىدىغان «شەرق مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە» دېگەن ژۇرنالنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلغان.

# قىز-ئاياللار قوش جىنسلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا

ئىسلامجان شېرىپ

بىر مۇنچە قىز - ئاياللار زامانىمىزنىڭ ئوغۇنچان قىز - ئاياللىرىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، لېكىن ناھايىتى ئازساندىكىلەرلا ھەتتا ئەرلەرمۇ قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ زامانىمىزنىڭ ئۇرلۇق چىراغلىرىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللىق تەبىئىيىتىدىكى مۇلايىملىق، روھىي ھاللىق، باي ھېسسىيات، سېھرىي كۈچ بىلەن ئەرلەرنىڭ ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇلىرىنى يالقۇنلىتىپ، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، يۈكسەكلىك ھەمدە بۈيۈكلۈككە بولغان قىزىقىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۇز كەسپىدە ۋاھىما يېتىشىگە كۈچلۈك ياردەمچى بولۇپ، ئانىلارغا خاس مېھرىبانلىق، يېقىملىق، كۆيۈمچانلىق، جەسۇرلۇق، شىجائەت بىلەن پەرزەنتلىرىنىمۇ زامانىمىزغا خاس تالانتلىقلاردىن قىلىپ تەربىيلەپ، خەلقىنىڭ ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇپ ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرسە، قالغانلىرى مۇشۇنداق سەرخىللار يېنىدا ياشاپ تۇرغان تۇرۇقلۇق ئۇزلىرىنىڭ زامانىمىزنىڭ ئويغۇنچان سەرخىللىرىدىن بولالماسلىقىنى مۇھىت ۋە باشقا خىزمەتداشلىرىدىن كۆرۈپ ۋايسايدۇ. رېئال تۇرمۇشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەر خىل ناچار ئاقىۋەتلەرگە قىلىۋاتقان بۇنداق قىز - ئاياللار ئۇزلىرىنى ئاشۇ سەرخىللارنىڭ ئىزىغا سېلىش مۇمكىنمۇ؟

1

— ئىنساننىڭ ھەقىقىي مەلۇماتلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۈچ خىسلەت - چوڭقۇر بىلىم، پىكىر قىلىش مەشىقى ۋە ئالىيجاناب تۇيغۇلار زۆرۈر. - دەيدۇ چېرنىشېۋسكىي، - كىمكى بىلىم ئاز ئىكەن، ئۇ نازا كەتسىز بولىدۇ. كىمكى مۇلاھىزە قىلىش ئادىتىدىن مەھرۇم ئىكەن، ئۇ قوپال ھەم دىتسىز بولىدۇ. كىمكى ئالىيجانابلىق تۇيغۇ بولمىسا، ئۇ بىمەنە ئادەمدۇر. ئۇلۇغ يازغۇچى ۋە ئالىم چېرنىشېۋسكىي بۇ يەردە «ھەقىقىي مەلۇمات» نى مۇكەممەللىك، مۇكەممەللىكنى يۇقىرىدىكى ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى، «ئالىيجاناب تۇيغۇ» دىن ئىبارەت پىسخىك پەزىلەتنى بىلىم ۋە پىكىر قىلىشقا قوماندانلىق قىلغۇچى دەپ چۈشىنىدۇ.

زامانىمىزدىكى پىسخىك ۋە پەلسەپىۋى تەكشۈرۈشلەر بويىچە چېرنىشېۋسكىينىڭ بۇ سۆزى پىسخىك ھەم پەلسەپىۋى كۆز قاراشقا ئاساسەن، ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىنى مېغىزلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن، دەپ قارايدىغان بولساق، قىز - ئاياللارنىڭ زامانىمىزنىڭ ئويغۇنچان سەرخىللىرىدىن بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىلىم ئېلىش تەشنالىقى، پىكىر قىلىش ئادىتى، كۆپ تەرەپلىمە ئەمەلىي چېنىقىش ئەھۋالى ۋە ساغلام ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق بىر مۇنچە تەرەپلەر بولسىمۇ، دەۋرگە ئەگەشكەن ساغلام پىسخىك پەزىلەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇ تۈپەيلى، ئۇزلىرىنى زامانىمىزنىڭ سەرخىللىرى كېتىۋاتقان ئىزىغا سالماقچى بولغان قىز - ئاياللارغا ئۇزلىرىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ساغلام پىسخىك پەزىلەت تۇرغۇزۇش شەرت بولىدۇ.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقىنىمىزدا، كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئەرلەر ھەققىدە گەپ بولغان ھامان ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى خىزمەت ۋە ئۇ ئۇققا چېتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، قىز-ئاياللار ھەققىدە گەپ بولغان ھامان ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ھېسسىيات ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە چېتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇنداق يۈز-لىنىش تارتىنچاق، ناتىۋان، باللارچە سەبىي، يېقىملىق، كۆيۈمچان، نازۇك، مېھرىبان، خەيرىخاھ، ئەدەبلىك بولسىمۇ، پىسخىك جەھەتتە ئۇزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ چېنىقمىغانلىقتىن، ماگدامدا بىر نېمىدۇر قورقىدىغان، باشقىلار زۇۋان سۈرۈپ بولغىچە «ماقۇل» دەپ تۇرىدىغان، ئادەم يوق يەردىمۇ: «خۇدايىم ئۇز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دېگەن ئىلتىجا بىلەن ئېھتىياتەن يۈرىدىغان بوزەك قىز - ئاياللارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، مۇستەقىل-چى، جەسۇر، ئۇزەمچى، تەۋەككۇلچى، رىقابەتچى، جۈرئەتلىك، پىكىرلىك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن يۇقىرىقىدىكى بوزەك قىز - ئاياللاردىن ئۈستۈنرەك تۇرۇۋاتقان ئوغۇل - ئەرلەرنىمۇ نەزەرىمىزگە سالىدۇ. قىز - ئاياللا ۋە ئوغۇل - ئەرلەر پىسخىكىسىدىكى بۇنداق بۆلۈنۈش پىسخىك پەزىلەتنىڭ ھەر بىر ئادەمدىكى ئۆزگىچە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ گەپ - سۆز، ئىش ھەرىكىتىدە ئىز قالدۇرۇپ ماڭىدىغانلىقىنى، ھەر ئادەمدىكى سۆز - ھەرىكەت ئادەمنىڭ پىسخىك پەزىلىتىنىڭ شۇ سائەتتىكى ئىپادىسى بولىدىغانلىقىنى، قىز - ئايال ۋە ئوغۇل - ئەرلەرنى پىسخىك جەھەتتىن پەقەت پەزىلەتنىڭ ئايرىۋېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا پىسخىك پەزىلەتنىڭ يەنە ھەر ئادەمنىڭ قابىلىيەت، ئىقتىدار، تالانتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياكى چېكىنىپ كېتىشىگە ھەر قاچان تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز قىز - ئاياللارنىڭ پىسخىك پەزىلىتىنى تاۋلاش ۋە پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىش ئارقىلىق ئەرلەردىكى پىسخىك ئۈستۈنلۈككە يېقىنلىشىپ بارالايدىغانلىقىغا ۋە ئوغۇل - ئەرلەرنىڭمۇ قىز - ئاياللار پەزىلىتىدىكى ئەۋزەل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ مۇكەممەللىككە يۈرۈش قىلالايدىغانلىقىغا جەزمە قىلالايمىز.

راست دېگەندەك، خېلى كۆپ ساندىكى قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ھازىرقى كۈندىمۇ دادىل ئۆزلىيەلمەسلىكىگە سەۋەب بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئامىللار ئىچىدە، نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىڭدۈرۈۋەتكەن پىسخىك ئاجىزلىقلار ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. پىسخىك جەھەتتىكى بۇ ئاجىزلىقلار قىز - ئاياللارنىڭ زامانىمىزدىكى ئەقىل، ئىرادە، مۇستەقىللىق تېپىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزىدە نامايان قىلىشىغا توسقۇن بولماقتا. شۇنداق ئىكەن، مۇشۇنداق پىسخىك ئاجىزلىقلار ھامىلىقىدىكى قىز - ئاياللار ئەگەر تۈرلۈك ساھەلەردە ئۆزۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئۇتۇقچى قىز - ئاياللارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇ ئاجىزلىقلىرىنى يەڭسە، ئۆزىنى زامانىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە تېخىمۇ تەكامۇللاشتۇرالەيدۇ. زامانىمىزنىڭ ئويغۇنۇنچان ھەم ئۇتۇق قازىنالايدىغان سەرخىل قىز - ئاياللىرىغا سەپسالىدىغان بولساق، ئۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدىكى قىز - ئاياللاردا بولىدىغان ئاقكۆڭۈللۈك، پاكلىق، مۇلايىملىق، زېرەكلىك، قىزغىنلىق، نازاكەتلىك، خەيرىخاھلىق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان دىلخۇمارلىق، ئىش - ھەرىكەتتە راۋۇرۇس بولىدىغان چەبدەسلىك، گەپ - سۆزدە تەبىئىي بولىدىغان تەمكىنلىك، ئىشقىنى يېگانە يارىغا بېرىدىغان قانائەتچانلىق، گۈزەللىكنى سۆيۈش، پاكىزلىق قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارنى ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىمىزنىڭ ئويغۇنۇنچان ئوغۇل - ئەرلىرىدە بولىدىغان ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، كەڭ قورساقلىق، ئاقىلانىلىق، مۇستەقىللىق، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، شىجائەتلىك، تەمكىنلىك، يىراقنى كۆرەرلىك، ئىلىم خۇمارلىق، تېجەشلىك قاتارلىق پىسخىك ئارتۇقچىلىقلارنىمۇ ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەنلەر، يەنى ئىككى جىنسنىڭ پىسخىك ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغۇچى مۇكەممەللەردۇر. بۇ ئەھۋال بىزگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشالايدىغان سەرخىل قىز - ئاياللاردىن بولۇشتا پىسخىك چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەرلەر ھەم ئاياللاردىكى پىسخىك ئۈستۈنلۈكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداقتا، ئاياللاردىكى زامانغا خاس نازاكەت ئېشىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇنداق ئاياللىق نازاكىتى ئەرلەرنىڭ غالىبانە ئالغا بېسىشىغا قانات بېغىشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر بىلەن ئاياللىدىن تەركىب تاپقان قوش قاناتلىق جەمئىيەتنىڭ زەئىپ ۋە غەمكىن تەرەپلىرى بىراقلا بىمارلىقتىن ساقىيىپ دەس تۇرىدىغان ئادەمدەك جانلىنىپ كېتىدۇ. بىز بىئولوگىيىلىك ۋە پىسخولوگىيىلىك ئەر - ئاياللىق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا بۇ پەرق تۈپەيلى قابىلىيەت ۋە پەزىلەت جەھەتلەردە پەيدا بولىدىغان پەرقلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن بۇ پەرقلەرنى تامامەن قارىمۇ قارشى ۋە مۇتلەق يېقىن كېلىشەلمەيدىغان قىلىۋالمايمىز، بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىككى جىنسنى نوقۇل بىئولوگىيىلىك كۆزىتىش سەۋەبىدىن باشقا تەرەپلىرىنىمۇ قارىمۇ قارشى قىلىۋالدىغان سۈنئىيلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەر - ئاياللار باراۋەرسىزلىكنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرغانلىقىمىز بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ قىز - ئاياللارنى

بىئولوگىيىلىك پەرق بىلەن چەكلەنمەي، پسىخىك پەرقلەرنى تارايتىش بويىچە ئىنتىلىشكە چاقىرىشتۇر. «ئەر ۋە ئايال ئىككى مۇلايىم ئاۋازكى، ئىنسان قەلبىدىكى تارىلار ئۇلارسىز ھەقىقىي ۋە تولۇق ئاھاڭ چىقىرالمايدۇ.»(1) شۇڭا بۇنداق چاقىرىق يەنە پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەم پاراۋانلىقىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەت ساداسىدۇر.

توغرا، ئىككى جىنىستا ئەمەلىي پەرق بار، ئەمما بۇ پەرقلەردىكى پسىخىك نۇقتىلارنى چوڭقۇر كۆزەتكەندە، ئۇلاردا ئۆتۈشۈش بولىدۇ، ئۆتۈشكەندە تولۇقلاش بولىدۇ، تولۇقلاش بولغان ئىكەن، قىز - ئاياللار ئوغۇل - ئەرلەرنى ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلغان پسىخىك ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشقا، ئوغۇل - ئەرلەرمۇ ئازاد بولغان زامانىۋى قىز - ئاياللارغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. زامانىمىزدا ئەر - ئاياللارنى مۇنداق پسىخىكلىق تەڭشەش، پسىخولوگىيىدە قوش جىنىسلىق خاراكتېر يېتىشتۈرۈش دېگەن ئۇقۇم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

قوش جىنىسلىق خاراكتېر ئۆز نامىدىنلا مەلۇمكى، بۇ ئەر ھەم ئايال پسىخىكىسىنىڭ قوشۇلۇشىدۇر. بۇنداق قوش جىنىسلىق خاراكتېر ئىككى چەك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئايال پسىخىكىسىنىڭ غەيرىي ئاياللىقتىن ئاياللىققا ئۆتكەنلىكىنى، ئەر پسىخىكىسىنىڭمۇ غەيرىي ئەرلىكتىن ئەرلىككە ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى جىنىسنىڭ ھەر ئىككىسىدە يۇقىرى ئۆلۈشكە ئىگە بولغان ئادەمنى قوش جىنىسلىق ئادەم دەپ قارايدۇ. بۇنداق قوش جىنىسلىق ئادەمنىڭ پسىخىكا ساپاسى تاق جىنىسلىق ئادەمدىن ياخشى بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، قوش جىنىسلىق ئادەمگە ئوغۇل - ئەرلەر ۋە قىز - ئاياللاردىكى ئارتۇقچىلىقلار مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇنداق پسىخىكا ئۇرغۇزغان ئادەم تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردە ئەلا سۈپەتلىك بولىدۇ:

بىرىنچى، قوش جىنىسلىق ئادەم جىنسىي رولىنىڭ ئەركىنلىك ئىپادىلىشىگە، يات جىنىستا كۆرۈلىدىغان بىزلىنىشلەرنى ئىپادىلىشىگە يول قويىدۇ. شۇڭا، قوش جىنىسلىق ئادەم قىز - ئاياللاردا بولىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرنى خېلى ئەترابلىق ھازىرلىغان تەقدىردىمۇ مۇستەقىللىقنى ساقلاش جەھەتتە قىز - ئاياللارغا خاس ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەي، ئوغۇل - ئەرلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ. شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە قوش جىنىسلىق ئادەمدە مۇستەقىل قاراش بولىدۇ، ئوڭايلىقچە باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئىككىنچى، خەيرىخاھلىق قىلىش ھېسسىياتىغا باي، تەربىيەلىك بولىدۇ. تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، باشقىلارنىڭ دەردى - ئەھۋالى ۋە بەختسىزلىكىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغاندا، قوش جىنىسلىق ئادەم شۇ ھامانلا قىز - ئاياللاردا بولىدىغان ئىچ ئاغرىتىش كەيپىياتىدا بولىدۇ. قوش جىنىسلىق ئادەمدە ئەر ھەم ئايال جىنىسلىرىنىڭ پسىخىك ئۆزگىچىلىكلىرى ئەل بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا قىز - ئاياللار ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ - دە، پسىخىك جەھەتتىكى قوش جىنىسلىق - مۇكەممەللىك تۈپەيلى بىئولوگىيىلىك قاراشتىكى ئەركىشى بولۇپ جىسمانىي جەھەتتە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۈچىنچى، ئىززەت - نەپسى كۈچلۈك بولىدۇ. قوش جىنىسلىق ئادەمنىڭ ئىززەت نەپسى (ئەتىۋارلىنىش، قەدىرلىنىش كۆڭلى) ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىززەت - نەپسىنى قاتار قىلغاندا قوش جىنىسلىق ئادەم، ئەر جىنىسلىق ئادەم، ئايال جىنىسلىق ئادەم، پەرقسىز ئادەم تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ، بۇ ھال قوش جىنىسلىق ئادەمنىڭ ئەر ھەم ئاياللاردىكى ئۈستۈنلۈكلەرگە زامان ئېتىبارى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، مۇھىتقا يۈكسەك ماسلاشقۇچى مۇنەۋۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پسىخىكىسىدا قوش جىنىسلىق خۇسۇسىيەت بولغان مۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززەت نەپسىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلى، باشقىلارغىمۇ يۈكسەك ھۆرمەت قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ. شۇڭا، قىز - ئاياللار ئوغۇل - ئەرلەر بىلەن ھەقىقىي تۈردە باراۋەرلىككە ئېرىشىش ھەتتا ئادەتتىكى ئەرلەردىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، كەسىپ قوغلىشىش، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش روھىنى ئۆستۈرۈش، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش، ئۆزىگە ئىشىنىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر چاغدا ئەرلەردە بولىدىغان ئەۋزەل پسىخىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە ئۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.

(1) ژ. مارزىنى: «تەپەككۇر گۈلشەنى» ئۇيغۇرچە نەشرى 563 - بەت.

بۇنداق جۈرئەت ئىنسانلار تەبىئىيتىدە مەۋجۇت بولغان تەبىئىي نەپسى تەلەپ بولۇپ، فېئودالىزمنىڭ قىز - ئاياللارنى قۇل قىلىش يولىدىكى ئاسارەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك بۇزۇپ تاشلايدىغان ياخشى ئارزۇدۇر. پسىخىك جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، باللار يېڭى تۇغۇلغاندىكى قىز - ئوغۇللۇق پەرقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، پەقەت باللارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىيەتتە ئۆسۈپ بارغان بۇنداق پەرقنى چوڭلار قىزلارغا قورچاق، ئوغۇللارغا مىلتىقتا ئوخشاش ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىشكە ئوخشاش ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىستىخىيلىك ھالدا يېتىلدۈرگەن. شۇڭا، تەبىئىيتىمىزدىكى نەپسى تەلەپ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مۇنداق ئارزۇ ئەسلىدىكى بىرلىككە يېتىش ئۈچۈن، فېئودال ئىستىبداتلارنىڭ قىز - ئاياللاردىن پەقەت بېقىندىلىق، پىداكارلىق (ئەر ۋە بالىغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش)، پاكلىق (بارلىق ناپاكلىققا قىز- ئاياللار مەسئۇل بولۇش)، ئەخلاقلىق (بىلىم ۋە قابىلىيەت ئەمەس، گەپ ئاڭلايدىغان، ئىتائەتچان بولۇش) بولۇشنىلا تەلەپ قىلىدىغان ستەمكارلىقىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ كەلدى. ھازىرقى كۈندە قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت تۇرغۇزۇشنى تەكىتلىشىمىز ئەنە شۇنداق پىسخىكا جەھەتتىكى سۈنئىي بۆلۈنۈشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قىز - ئاياللار ئازادلىقنى پىسخىك پەزىلەتتىن ئىبارەت مەنىۋىلىك كامالەتتە ئورۇنداپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى ھۆزۈر - ھالاۋىتى ۋە شان - شۆھرىتىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان زامانىۋى قىز - ئاياللاردىن بولۇش، بولۇپمۇ ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدىغان جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ھەر بىر قىز - ئايال ئۆزلىرىنى قوش جىنسلىق ساغلام پىسخىكىغا ئىگە قىلىپ، بېقىندىلىقتىن، مۇستەقىللىققا ئۆتۈش ئۈچۈن ئەرلەر پىسخىكىسىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك.

2

ئۆزىنى قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەتكە ئىگە قىلىش دېگەننى ئاڭلىغان ھامان بەزىلەر مەنىۋىيەتتىن يىراق تۇرغان «ئەركەك زەدەك» دەپ چۈشىنىۋېلىپ، گەپنى تەتۈرگە بۇراپ كۆلكە قىلىشى، ياكى قىز - ئايال دېگەن ئىلىك قىلمىسا قىز - ئايال تۇرسا، قانداقمۇ قوش جىنسلىق بولغىلى بولسۇن دەپ ئىرادىسىزلىك قىلىشى مۇمكىن. ھەر ئىشتا گەپنى تەتۈرگە بۇرايدىغانلار ھەر قاچان بولغاچقا، بىز ئۇلارنى داۋاملىق تەربىيىلىنىشكە قالدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىيتى بويىچە گەپ قىلىدىغان بولساق، قوش جىنسلىق پەزىلەت تۇرغۇزۇش يەنە ئىنسانىيەتتىكى ئۆزىنى تەكامۇللاشتۇرۇش ۋە تەكامۇللاشتۇرۇشقا قارشى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش يولىدىكى يۈكسەك ئارزۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى تەشەببۇسكار ئاكتىپ تۈرمۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇل بويىچە ياشاش ئۈچۈن، قىز - ئاياللار ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قويماي ئۆزىدە ئىگىزلىك بولغان زامانىۋى ساپا تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقنى ئېيتقاندا، قىز - ئاياللار كۆز ئالدىدىكى رېئال ئەھۋالدىن ھالقىپ چۈشىدىغان پوزىتسىيە شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، «ئەرلەر قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز» دېگەن روھ بىلەن غايىۋى مۇكەممەللىككە يۈزلىنىدۇ، بۇنداق يۈزلىنىش قانچە كۈچەيسە، قىز - ئاياللاردا زامانغا يارىشا ئىجادىي قابىلىيەتنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى داۋاملىق قوزغاپ تۇرۇش ئىختىيارلىقتا ئايلىنىدۇ - دە، قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىپ بېرىشىغا پايدىلىق بولغان مۇكەممەللىك نەپسى تەلىپى تۇغۇلىدۇ. نەپسى تەلەپ يالغۇز ئىنسانىيەتتىلا ئەمەس، بارلىق مەۋجۇداتلاردا بولىدۇ، بۇنداق تەبىئىيلىك بولمىسا، ئىنسانىيەت ياكى ھايۋاناتلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نەپسى تەلەپ بارلىق قەبىلىلىك ھەم ساۋاپلىقنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولىدۇ. قىز - ئاياللاردا قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت تۇرغۇزۇپ ئىلگىرىلەش نەپسى تەلىپى بولمايدىكەن، ئەنئەنىۋى قۇلچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، بىز بۇيەردە ئەنە شۇنداق تەبىئىيلىك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئاڭلىق ھەم تەبىئىيلىككە ئوخشاش قوزغىلىپ تۇرىدىغان قوش جىنسلىق پەزىلەت تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئارزۇدا بولۇشنى ۋە ھازىرقى ھالىتىمىزنى ياخشىلاش يولىدىكى قانائەتسىزلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر كىشى رېئال تۇرمۇشقا شۈكرى قىلىدىغان ياكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي جەزمەلەشتۈرىدىغان بولسا، ھەممە نەرسىنى توغرا، ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل دەۋەرسە، ئۇلارنى تېخىمۇ توغرا،

ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل قىلىشقا ئىرادە قىلمىسا، بۇنداق ئادەمدە ئارزۇمۇ بولمايدۇ، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زامانىۋى پائالىيەتكىمۇ كىرىشەلمەيدۇ. پەقەت رىئاللىقتىن قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان، تەييار نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمايدىغان، شۈبھىلىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، رامكىۋازلىق ۋە رامكىلارنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان كىشىلەردىلا ئارزۇ تۇغۇلىدۇ ۋە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئازغىنە شامالغىمۇ ئايلىنىۋېرىدىغان پىرقىرىغۇچ بولۇپ قالماستىن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم يېتەكچىلىكىدە ئۇلۇغۋار غايىسىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە، بارغانسېرى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە كۈرەك ئارزۇ ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىجادىيلىق بارلىق بايلىقلارنىڭ مەنبەسى بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قىز - ئاياللىرىمىز ئارىسىدىكى قوش جىنسلىق پىسخىكىسىغا تەرەققىي قىلىۋاتقانلارغا ھوجۇم ياسايدىغان، چاپارمەن دۇلدۇللارنى يول ئۈستىدە ناپۇت قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى زامانىمىزدىكى نادانلىق چېمپىيونلىرىنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پىسخىكىسى تۈپەيلى پەيدا بولغان نادانلىق ھەرىكەتلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان جىنايەت، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تەتۈر كېلىدىغان ئەكسىيەتچىلىك بولىدۇ. چۈنكى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز، بىلىپ ياكى بىلمەي قىز - ئاياللاردىكى مۇكەممەللىشىشكە ئىنتىلىش پاراستىنى بوغۇش جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بولىدىغان مۇستەقىل ئىجادىيلىقنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىش بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاھالىنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن تەدرىجىي ئىلگىرىلەشنىڭ مېخانىزمىنى ئېلىۋېتىكەنلىك، دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىغا تۈگىمەس ئىچكى خوراش پەيدا قىلغانلىق. شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى دەپنە قىلىۋېتىپ، ئىسكىلت گەۋدىسىنى ساقلاپ قالغانلىقتۇر. چۈنكى بىز ھەر كۈنى تامىقىمىزنى چېكىپ سۆزلەيدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، ئادەم تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەر ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ توپ سەۋەبكارلىرىدۇر. زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ ئادەمنىڭ تەرەققىيات ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتۇر. ئادەم تەرەققىي قىلمايدىكەن، قالغان جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات تېز، پۇختا، ئىشەنچلىك بولمايدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ تولۇق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قىز - ئاياللار ئەنە شۇ ئادەملىرىمىزنىڭ يېرىمى بولۇپ، قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش ئۇلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىدۇر.

دۇنياغا پارلاق مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلغان مۇقەددەم خەلق تۇرۇقلۇق ھازىرقى كۈندە دۇنياغا يارامىلىق، گۈللەنگەن ئىگىلىك تىكلەپ دۇنيانىڭ سەركىسى بولالمىغان بىزگە ئوخشاش خەلقلەردىكى نېگىزلىك مەسىلە، مانا مۇشۇنداق تۈزگۈننى چۈشىنىپ يەتمىگەنلىك ياكى چۈشىنىپ يەتكەندىمۇ ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ھەر ئىككى جىنستا تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە ئىلمىي ھەم زامانىۋى يول تۇتالمىغانلىق مەسىلىسىدۇر. شۇڭا، بىز بۇرۇن بۇ ھەقتە شېرىن خىياللاردا بولغان ۋە ياكى بارلىق تەرەققىياتلارنىڭ نېگىزلىك ئامىلى بولغان ئادەم تەرەققىياتىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە كىشىلىك ھايات ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ باش ھالقىسى قىلىمىز دېگەن بولساقمۇ، بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتىمىز تېز بولمىدى. 80 - يىللاردىن بۇيان، دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ بارىدىغان، ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ شارائىتلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش قەدىمى، ياشاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىشىلىك ھايات پاراستىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدىغان بىر قانۇنىيەتنى ھەقىقىي چۈشىنىشكە باشلىدۇق. ئۆزىمىزنى زامانغا ئويغۇنلاشتۇرۇش - ئەقلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تارىخىي جاۋابكارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە باشلىدۇق. بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتكە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىمىز، «ھەر بىر شەخس ئۆز ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن جەمئىيەتكە قەرزدار»(1) ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمىزدۇر.

---

(1) ن. گ. چېرنىشېۋسكى.

ۋەتەرەققىيات ئامىللىرىنى چۈشەنگەن ئادەم ئەگەر قول قوشتۇرۇپ ئۆزى ھېچبىر جىنىنى ئوپراتمىسا، نەتىجىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ۋۇجۇتقا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە، تەرەققىيات يولىدىكى ئەڭ مۇدھىش توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ» (1) غانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، قىز - ئاياللارنىڭ قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈشىنى ئەقلىي كامالەت جەھەتتىكى تارىخىي جاۋابكارلىقىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلايمىز.

زامانىمىزنىڭ سوتسىيالوگ ۋە كېلەچەكشۇناسلىرىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان ئادەملەرنى زامانىۋى ئادەم دەپ ئاتايدۇ ۋە زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى ئۆرغۈزۈشنى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئىجادىي ئادەملەردىن بولۇشنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى دەپ قاراپ، قىز - ئاياللار قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈشنى زامانىۋى ئادەم بولۇشنىڭ تەركىبىگە قويىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقىي ئويغاق خەلقلەردىكى زامانىۋى ئادەملەر قوشۇنى قوش جىنسلىق پەزىلەت يېتىشتۈرۈش بويىچە پىسخىكىسىنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە جان پىدا قىلىۋاتقان قىز - ئاياللارنى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىگە قانات بولغۇچى ئەرلەردەك ئەزىزلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر پولات قانىتىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

تارىختىن بۇيانقى تۈرلۈك تەرەققىيات دەۋرلىرىدە شۇ تەرەققىياتقا باشلامچى بولغان زامانىۋى ئادەملەر بولغان. يەنى ئىنسانلار تارىخى يارالغاندىن بۇيانقى ھەر زاماننىڭ زامانىۋى ئادەملىرى بولغان. بىزدىن كېيىنكى كەلگۈسى زامانلارنىڭمۇ زامانىۋى ئادەملىرى بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەن پىسخىك پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، بارلىق بېكىنمە نەرسىلەرگە قارشى باشلامچىلاردۇر. بۇرۇن بىزنىڭ پىسخىكىمىزدا ئۆزىمىز سوتسىيالىزمدا تۇرساقمۇ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر مۇنچە بېكىنمە نەرسىلەر بولغاچقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان پاراسەت پەرىلىرى سەھنىگە چىقىپ رول ئالالمىغان ۋە ئەسلىدە بار بولغان ئىجادىي قۇدرەت تولۇق ئېچىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنالمىغان ئىدى. ئارىمىزدىكى ماددىي نېمەتلەردە گادايلاشقانلار خەلقىمىزدىكى مەردانىلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ پاناھگاھلىرىدا كۈن كۆچۈرگەن بىلەن، پەلسەپىۋى ئىدىيىدە گادايلاشقانلار پاناھسىز قېلىپ، ئېچىنىشلىق بىچارىلەر دەرگاھىدا ئادەمنىڭ ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ماھىيىتى ۋە ئۇنى ئىقتىدار ئارقىلىق ياشارتىشنى بىلەلمىگەنلىكى بىلەن خورلانغان ئىدى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو تۇپرىقىدا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدا ئىجادىي ئويلاپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشنى مۇستەقىللىق بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا دادىل قەدەم تاشلاشقا ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا، قىز - ئاياللارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى پەيدىنپەي تىكلىدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزلىرىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ئەمما ئەينى چاغلاردا جارى قىلدۇرالمىغان ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ باشلىق باھارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىغا قاراپ كۆلدۇق. بىلەرمەنلىك بىلەن ئۆزىمىزنى ئەمەكلەشتىن ئىجادىي ئويلاپ كەمچىل جايلىرىمىزنى يېڭىلىق بىلەن تولۇقلاشقا ئاتلاندۇق، بۇ بىزنىڭ پىكىرنامراتلىقنى يېڭىش ئاساسىدا ماددىي نامراتلىقنى مەھكۇم قىلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مىللىتىمىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان پاراسەت پەرىلىرىنىڭ سەھنىگە چىقىۋاتقانلىقىنى، مەنىۋى گادايلىقنىڭ زامانىۋى ئادەملەر ماھىيىتىنى ئىقتىدار ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ئورۇن بېرىۋاتقانلىقىنى، قىسقىسى، خەلقىمىزدە بار بولغان ئىجادىيەت قۇدرىتىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنى كۆرمەسلىك مىللىي غورۇرىمىزغا تېگىدۇ. ھەتتا مىللىي ئىنكارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەزى نادان كىشىلەرنى چەت ئەللىكلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشقا يېڭىباشتىن رىغبەتلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرگە يەنە بىر قۇر ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، نۇقسانىمىز كۆپ، يىرىمىز كەڭ

(1) پ. ل. لاۋروۋ

دېگەن سۆزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا مىللىي ھۆرمەت ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا تولۇق قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرگەندە، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىقتىدارنى تۈرگە ئالمايدىغان ئادەم دېڭىزى پەيدا قىلىشنىڭ ۋە قىز - ئاياللىرىمىزنى ئەرلىرىمىزگە ئوخشاش مۆكەممەللەشتۈرمەسلىكنىڭ مىللەتلىرىمىزگە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرگەن تارىخىي سەۋەنلىك ئىكەنلىكى كۆڭلۈمىزگە زاھىر بولىدۇ - دە، يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان گۈللىنىش ھەرىكىتىگە قىز - ئاياللارنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش بىلەن مىللىي كامالەت ئۈچۈن قانات بولۇشنى قوللاشتىن ئىبارەت تېخىمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن كىرىشىمىز. نۇرغۇن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى دۇنيادا ھەر قانداق خەلقنىڭ تولۇغۋارلىقىنى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ۋايىغا يېتىشى بىلەن ئۆلچەش دانالىق بولۇپ، ئەقلىي كامالەتنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ تىپىك بەلگىسى ئىجادىيەتتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز قۇرماقچى بولۇۋاتقان يېڭى ھاياتنىڭ قېلىپى كونا ھاياتنىڭ ئەندىزىلىرىدە يوق. ئۇنى پەقەت ھازىرقى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالىتىمىز - ئىجادىي ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ قۇرىمىز. قىز - ئاياللارنىڭ قوش جىنسلىق ئادەملىككە ئىنتىلىشى ئەنە شۇنداق ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ ئومۇمىي خەلقتە ئۇسۇشىنىڭ بەلگىسىدۇر.

تارىخىي ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈردىكى، ھەر قايسى دەۋردە دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر دەۋر ئېتىبارى بىلەن مۇستەقىل پىكرىنى بايراق قىلغان ئىجادىي ھەرىكەتكە ئاتلانسا ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە يارىشا ئۆيغۇنچان ئىقتىدار ھاسىل قىلىپ ماڭسا، ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرۈپ تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە بۇرۇنقى دەۋرلەردە باشقىلار تەرىپىدىن لەقەملەنگەن ئەيىبلىرىنى يېڭىپ ئەتىۋارلىق ئادەملەرگە ئايلىنالايدۇ. قىز - ئاياللارنىڭ قوش جىنسلىق پەزىلەت تۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيىتىمۇ ئومۇمىي خەلق كامالىتىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئىجادىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇنى ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئەھۋالى بويىچە رېئاللاشتۇرۇش - ئومۇمىي تەرەققىياتىمىزنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. روشەنكى، ئادەم تۇرۇۋاتقان ئورۇن زامان ھەم ماكان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. زامان شۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا نىسبەتەن ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەك بولسىمۇ، كۆز ئالدىغا نىسبەتەن تونۇگۈن ياكى ئەتە ئەمەس، بۈگۈندۇر. ماكان دۇنيا ھەم دۆلەت ئىچىدىكى تەلەپلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدۇر. ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىش ئەنە شۇ بۈگۈنكى ئەھۋال ھەم تەلەپلەر بويىچە مەسىلەرنى مۇستەقىل ئويلاشنى بىلىشتۇر. ئارىمىزدىكى قوش جىنسلىق ئادەم بولۇش يولىغا ماڭغان قىز - ئاياللىرىمىز ئەنە شۇنداق مۇستەقىل ئويلاشنى بىلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار كەلگۈسى گۈزەل ئوبرازىمىزنىڭ سىمۋوللىرىدۇر.

4

بىزنىڭ قوش جىنسلىق ئادەمنى تىلغا ئالغاندا، پىسخىك ئاجىزلىقلارنىمۇ تىلغا ئېلىشىمىز - دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ساغلام خاسلىق - جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشىپ مېڭىش ۋە ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇش ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ھەر بىر قىز - ئايالنىڭ يۈرىكىدىكى چىن ئىنتىلىش، ئەمما، ئەقلىگە ئىشارەتكى، بۇنداق ئىنتىلىشنى خىيال قىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. تارىخىي تەرەققىياتقا تۆھپە قوشقان بۈيۈك كىشىلەرنى مىسالغا ئالساق، نورماللىقتىن بۈيۈكلۈككە ئۆتكەن شەخسلەر ئالدى بىلەن ساغلام بىر پىسخىك تۇيغۇ بىلەن ياخشى ئارزۇ - ئارمانلاردا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارمانىغا يەتكىچە دەرمانىنى قويمايدىغان پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى يەڭگەن. راست ئەمەسمۇ، ئادەملەر تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىدىن ھەر زاماننىڭ ئىستىبداتلىق زاتلىرىغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ، بەلكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە مەشىق ئارقىلىق ئايلىنىدۇ. كىشىدە كىشىنى ئۈستۈنلۈككە يەتكۈزىدىغان ياخشى ئارزۇ بولمىسا، رېئال ئەھۋالنى ياخشىلاش ئىرادىسى بولمىسا، ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ناچارلىرىدىن بۇسۇپ ئۆتۈش غايىسى بولمىسا، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھاياتنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىپ قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئالايلۇق، تولستوي ياشلىق ۋاقتىدا ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلگەن، ئەيشى - ئىشرەت بىلەن ھەتتا ئەركە قىزلارنىڭ كەينىدىن چاپقان. كېيىنچە، ئۆز قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىپ پىسخىك ئەسلىمە ئېلىپ بارغان. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆز يولىنى تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى شەكلى بولغان «كامالەتكە يەتتىم» دەيدىغان قارام نوچىلىقتىن ئۆزلۈكسىز كامالەتتىن ئىبارەت ھەقىقىي ھاياتقا قەدەم قويۇپ، فېئودال ۋە بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ چىرىك تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، «ئىچىپ - چېكىپ مەس بولۇپ يۈرسەم ئادەملەرنى ھايۋاندىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەقلىنى يوقىتىدىكەنمەن، كۆرۈنۈشۈم ئادەم بولغان بىلەن، قىلىقلىرىم ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدىكەن» دەپ توۋا قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى سەككىز ئۇقتىغا يىغقان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. جەسۇر بولماي بىغەيرەتلىك قىلىش؛

2. بۇ دۇنيانىڭ يېتىشسىزلىكىنى پەش قىلىپ، ئاجىزلىقلىرىنى يوشۇرۇش ياكى ئاجىزلىقلىرىنى تېخىمۇ ئاجىزلارغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى ئەمەكلەش؛

3. سالپاسا ياغ يۈرۈپ بالىلارچە شاللاقلىق قىلىش؛

4. تەكەببۇرلۇق قىلىپ گۈزەللىكنى يوقىتىش ياكى ئۆزىنىڭ ھالىغا يېقىپ كەمتەر بولماسلىق؛

5. چالۋاقاش، ئالدىراپ خاپا بولۇش، ئاچچىقنى يامان قىلىش؛

6. تۇرمۇشتا كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرىش ياكى خىيالغا كەلگەنچە ئەركىنلىشىش؛

7. دورامچىلىق قىلىش، مۇستەقىل كاللا ئىشلەتمەسلىك؛

8. ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرمەسلىك.

تولستوي ئەنە شۇنداق كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى يېڭىباشتىن بىلىپ يەتكەن، چېچىلاڭغۇلۇقنى ئاخىرلاشتۇرغان.

— قەلبىڭمۇ خۇددى بەدەنگە ئوخشاش ئۆز گىمناستىكىسى بار. بۇنىڭسىز ئۇ خاراب بولىدۇ. ھەرىكەتسىزلىك بىپەرۋالىققا ئېلىپ كېلىدۇ، - دەيدۇ ۋ. گ. بېلىنسكى. تولستوي جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەنھەرىكەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، قەلب گىمناستىكىسى ئارقىلىق خارابلىقتىن قۇتۇلغۇچى ھەم بىپەرۋالىقتىن ئىبارەت گور ئاغزىدىن قايتقۇچىدۇر.

ئەگەر تولستوي ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ھالىغا قانائەت قىلىپ ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاشۇنداق تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە جەڭچىلىك ھاياتى ئۇنىڭدا ئىجادىيەت ئارزۇسى شەكىللەندۈرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ دۇنياۋى يازغۇچى بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، زامان ئېتىبارىدا قوش جىنسلىق پىسخىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، خىزمەت ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە خۇددى ئوغۇل - ئەرلەردەك ۋە ئۇلاردىنمۇ ئارتۇق ئۇتۇقچى ئويغۇنچان قىز - ئاياللاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار ئۆزلىرىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى خۇلاسىلەپ چىقىپ، ئۇنى بىر - بىرلەپ تۈزىتىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ يېڭى بەيگىسىگە يارامىلىق ساغلام پىسخىك پەزىلەت - قوش جىنسلىق پىسخىكا تۇرغۇزۇش كېرەك.

بىزنىڭ ھازىرقى پىسخىك ئەھۋالىمىزنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، خېلى كۆپ قىز - ئاياللىرىمىزدا ئۆزىنى كەم چاغلاش روھىي ھالىتى، بىكىنمىچىلىك روھىي ھالىتى، قۇلچىلىق روھىي ھالىتى، كەيپسىزلىنىش روھىي ھالىتى، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتى، توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدىكى يۈرەك ئالدىلىق روھىي ھالىتى، كۆڭلىگە ياقمايدىغان ۋە ئۆزى قىلالمىغان ئىشلاردىن بىزار بولۇش روھىي ھالىتى خېلى كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزغا پىسخىك توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىزدا يېرىم دۇنيالىق رول ئويناۋاتقان قىز - ئاياللاردا ساقلىنىۋاتقان مۇشۇنداق روھىي ھالەتلەرنىڭ ئەرلەردىكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان پىسخىك ئاجىزلىقلىرىغا قوشۇلۇپ، ئىنقىلاب قوشۇنىمىزدا ھەر كۈنى ئىچكى خوراش پەيدا قىلىۋاتقان تۈرلۈك نۇقسانلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلىگىنىمىزدە، نەچچىمىز بولساق شۇنچىمىزدە پىسخىك ئاجىزلىقتىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىش ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ. ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆزىنى ئوڭشاش كويىدا بولماي، باشقىلار ياراتقان زامان مودىلىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئايرىم ساندىكى قىز - ئاياللارغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ پەزىلىرىدە

ھەتتا تۇرلۇك ماللىرىمىزنى يان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملىرى ماختاپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى پەرگە ئۇرۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ بار. بۇنداق تەتۈرلۈك ھەتتا بەزى گۆدەك خوتۇن - قىزلاردا خۇددى بەزى تاپتىن چىققان شورىغا ئوغۇل - ئەرلەردەك ئەجنەبىلەرنى دوراپ، ئۆزىنىڭ نەسەبىي مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ قويۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزنىڭچە، بۇ بىر مەزگىللىك ھادىسە ياكى شەيئىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرگەنلىك بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، تەرەققىيات تۆۋەن بولغاندا، بەزى مىللەتلەردە بۇنداق ھادىسىلەر تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق چاغدا شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئالماق تېخىمۇ تەس بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق خوتۇن - قىزلار مۇنداق بىر ھادىسىنى كۆرۈپ قايمۇقۇپ قالماستىن، ئۆزلىرىنى ئۆزى ئۆستۈرۈپ چوڭ بولغان تۇپراقنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش دەرىجىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىگىلىكتە ئارقىدا قالغان ياپونلۇقلاردا ئۆزلىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي، ئۆز مىللىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇلۇغ ئىجادىي قۇدرەتكە سەل قارايدىغانلار كۆپ بولغان. چەتنىڭ ماللىرىنى مىللىي سانائەت ماللىرىدىن ئەتىۋار بىلگەن، ئەجنەبىيلەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزلىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئادىمى دەپ ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئىلغار دۆلەتلەردىكى باللارچىلىك كۆرۈپ: «بىزدە ئىجادىي قابىلىيەت يوق، بىز ياپونلۇقلار دورامچىلىقتىن باشقىنى قىلالمايمىز» دەپ يۈرگەن. ئۆز مىللىتىنى تۆۋەن كۆرگەن، بۇنداق تۆۋەن مىللىي كەيپىياتنى كۆرگەن چەت ئەللىكلەرمۇ ياپونىيە دېگەن دەرەخلىك تاغ، پاھىشە سەتەڭلەر، رىكشىلەر، سەپ سالار - ئەسكەرلەر بىلەن تولغان بىر يەر ئىكەنغۇ» دەپ ياپون مىللىتىدە بار بولغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە پىسەنت قىلمىغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك بولمىغان بىر تەرىپى، ۋاقىتلىق بىر تەرىپى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ياپونلۇقلارنىڭ بىراقنى كۆرۈۋدىغان ئالىملىرى ئاشۇ چاغدا كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئاشۇنداق شاللاق ھەرىكەتلەرگە رەددىيە بېرىپ قوغدىغان ياپونىيىنىڭ مىللىي روھى گۈل بولۇپ ئېچىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە بولمىسا بولمايدىغان چولپانغا ئايلاندى. ياپون مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت قۇدرىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق ياپونلۇق ئۆزىنىڭ ياپون مىللىتى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ھەر قانداق ئەجنەبىلەرمۇ ياپون مىللىتى ياراتقان مۆجىزىلەرگە كۆز يۇممايدۇ: «ياپونلۇقلار دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى مىللەت، ياپونىيە ئىجادىيەت قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان دۆلەت» دەيدۇ. بىزنىڭ بازارلىرىمىزدىمۇ ئۇلارنىڭ ماللىرىغا قاراپ كۆزلىرىنىڭ قارىقى سىرىپ كېتىۋاتقانلار بارغۇ؟

شۇڭا، بىزمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىلىم - پەن ۋە سانائەت يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ «قالاق» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىمىزنى ۋە بۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە ئەسلىدە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ياپونلۇقلار دۇنيادا باش كۆتەرگىنىگە ئوخشاش قالاقلىق قالپىقىنى ئۈزۈل - كېسىل چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قۇدرەتنى تاۋارلاشقان ماشىنا، ئۈسكۈنە، ستانوك، تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ ۋە ھەر خىل بىز تېخى ئىسمىنى تولۇق ئاتىيالمايۋاتقان، نازۇك تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ھەمدە بىزنىڭ مىللىي غورۇرىمىزنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ئەڭ قايناق بازارلىرىغا كىرىدىغان تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېتىۋاتقان ئەجنەبىلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. زامانىۋى قىز - ئاياللارنىڭ يېتىلىشى ۋە ئىجادىي قۇدرىتىنىڭ جانلىنىشى بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، مىللەت پىسخىكىسى، مۇھىت شارائىتلىرىغا باغلىق بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن ئېتىلگەن مۇھىتىمىزدا ئۆزىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى يەڭگەن قىز - ئاياللارنىڭ ئىجادكار زامانىۋى قىز - ئاياللاردىن بولۇپ كېتىشىدە ئۈمىد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇيغۇدا ئويغاق بولمىغان ئوغۇل - ئەرلەردىن ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ قەدىمىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ. ھازىر گەرچە بىر

مۇنچە تەرەپلەردە مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن تۆۋەن تۇرساقمۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، بىزگىمۇ شۇنداق ۋاقىتلار كېلىدۇكى، بىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزدىكى ئۆرلەش پىسخىك ئاجىزلىقىمىزنىڭ تۈگىتىلىش دەرىجىسى بويىچە ھازىرقى تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. چەت ئەللىكلەر ۋە باشقا ئەزگۈچىلەرنىڭ بىزنى خار قىلىش خام خىيالى قۇم چېچەكلەپ، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگسىمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ.

شۇڭا، شۇنداق ئىللەتلەر بار قىز - ئاياللار ئادەملىك يېتىلىشىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەت ۋە باشقا ئوبيېكتىپ شارائىتلارنىلا تەكىتلەپ تۇرۇۋالماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان ئۆزىدىن ئىبارەت سۇبيېكتقا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكنى كۆرۈشى ۋە بۇ گۈزەللىكنى ئېچىشى كېرەك. نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ياكى ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن قېيداپ زارلىنىپ يۈرمەستىن، ئۆزىدىكى زامانىۋى ساغلام پىسخىك جەرياننىڭ داۋام قىلىشىغا يول ئاچىدىغان پىسخىك ئەسلىمە ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، جەمئىيىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زىت پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى تۈگىتىشكە ئاتلىنىش كېرەك. چۈنكى، «يامان تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ دادىللىقى قوپاللىققا ئوخشايدۇ. دانىشمەنلىكى بولسا ئۆتۈپ كەتكەن رەسمىيەتچىلىككە، گەپدانلىقى نەيرەڭۋازلىققا، ئاددىيلىقى توگلۇققا، كۆڭۈلچەكلىكى خۇشامەتچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.» (1) قىز - ئاياللىرىمىز ئەگەر ئۆزىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى تېپىپ چىقىپ تۈگەتمەيدىكەن ۋە قوش جىنسلىق ئەلا پىسخىك پەزىلەت ئۇرغۇزمايدىكەن، پىسخىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنىڭ يامان تەربىيىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقتىن تولۇق ئازاد بولالمايدۇ.

5

تەجرىبىلىك ئالىملار ۋە مەشھۇر پىسخولوگلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلىرى بويىچە قارىغاندا، پىسخىك ھالىتىدە يۇقىرىقىدەك ئاجىزلىقلار گەۋدىلىك بولغان خەلقلەرنىڭ پىسخىكىسىنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارغا «خەلق ئۈچۈن ئاش - ناندىن قالسا، مۇھىمى مەكتەپ» ئىكەنلىكىنى، كېلەچەكنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەكتەپنى قولدا مەھكەم ئۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈپ، مائارىپ ۋە باشقا تەشۋىقات شەكىللىرى بىلەن زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىكىنمە ھالەتتىن ئېچىۋېتىلگەن ھالەتكە ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئەمما بىرەر جاينىڭ مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى شەكىلدىن زامانىۋى شەكىلگە ئۆتۈشتە كېمىنى يەك جىددىي بۇراشقا بولمايدۇ. بۇنداقتا بىرەر خاداتاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىش ياكى «ئالدىرىغان قالار، بۇيرىغان ئالار» دېگەندەك تېز ماڭىمىز دەپ ئارقىدا قېلىشتەك ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى «گېنېرالنىڭ روھى چۈشسە ئېتىمۇ چاپالمايدۇ» دېگەندەك، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان خەلقنىڭ ئالىي مەدەنىيەتكە ئۆتۈشى ئەسلى ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئاستىراق بولىدۇ. بۇنداق خەلقنى بىر ئەتىگەندىلا جەڭگىۋار پىسخىك ھالەتكە كەلتۈرۈلمەن دېگەن بىلەن، تالانتقا زېمىن بولىدىغان خەلق يېتىلىشتىن بۇرۇن ئالىملار ئاز چىققاندەك ۋە چىققان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈچرىقى تەنە بىلەن قاتۇرۇلغاندەك، يولباشچىلار يەك ئالدىراپ كەتسىمۇ روھى چۈشكەن گېنېرالغا ئوخشاپ قالىدىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقماي قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىكىنمە پىسخىك ھالەتتىكى خەلقنى زامانىۋى جەڭگىۋار پىسخىكىغا ئۆتكۈزۈشتە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ مىللەتتىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلارنى گەۋدە قىلغان ھالدا پەن - مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە دولقۇن قوزغاش كېرەك. چۈنكى كىشىلەر ھاياتىغا ئەڭ يېقىن بولغان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئىستېمال تېخنىكىسى بىكىنمە ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ھەرىكەت مىزانلىرى، مەنتىقى ئەخلاقىي قاتارلىق مەنىۋى ئامىللىرىغا ناھايىتى تېزلىكتە تەسىر قىلىپ، ئۇلاردىكى نادانلىق؛

(1) ژ. لوكك

قالاقلىق ھالەتلىرىنى ئۆزگەرتىشتە ناھايىتى تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن قالسا، پەن - مەدەنىيەتنىڭ تارىختىن بۇيان رايون، دۆلەت، مىللەت ئاتلاپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش، بىكىنمە جايلاردىكى ئالانتلىق كىشلەرنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار بىلىم مەركەزلىرىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەركىن رىقابەتتە ياشاۋاتقان خەلقلەردىكى قابىلىيەتنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئەمەلىي خىزمەت كۆرسىتىپ نان يەيدىغان ئارتۇقچىلىقلارنى بىكىنمە خەلق ئارىسىدا كەڭ تەرغىب قىلىش كېرەك. چۈنكى، سوتسىيالىستىك مەملىكەتكە رەسمىيەتچىلەر كېرەك ئەمەس، تۇرمۇشتا ۋە بارلىق ئىشلاردا ماھىر قوللار كېرەك. شۇنداق بولغانلىقتىن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرلىرىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى مەشھۇر داھىلىرى ئەنە شۇنداق دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ مۇشۇ ئاساستا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كادىر ئۇستۇرۇش، كەسپىي ۋە ئىلمىي ئۇنۋان باھالاش، ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مۇكاپات بېرىش جەھەتلىرىدە، ئۆلچەمنى ئۆزەنلىتىپ يول قويۇش ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىشنى چەكلەپ، مىللەت ئىچىدىكى قىز - ئاياللارنىڭ قوش جىنسلىق پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈشىگە ئىلھام بېرىدىغان ھەقىقىي بىلىم ئەشنالىرىنى، خىزمەت قابىللىرىنى، كەسىپ ماھىرلىرىنى، يېڭى پىكىرلىك ئەسەرلەرنى قوللاش ۋە ئۇلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشى ھەم تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېلىنىشىغا سورۇن بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىشكە ئائىت سىياسەتلەرنىمۇ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئۈرلەپ مېڭىشىغا ۋە قىز - ئاياللارنىڭ زامانىۋى ئاڭ ھەم قوش جىنسلىق جەڭگىۋار پسىخىك پەزىلەت تۇرغۇزۇشىغا پايدىلىق ھالدا تۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەت ئىچىدە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇسابىقە ۋە ئىلمىي رىقابەت ھاۋاسىنى ئۇستۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزى ئىشلەپ نان تېپىپ يەيدىغان ھەتتا باشقىلارغا ياردەمدە بولىدىغان مىللىي غورۇرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مىللەت بولۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

6

قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پسىخىك پەزىلەتلەرنىڭ غايىۋى داھىسى بولغان قوش جىنسلىق پەزىلەت تۇرغۇزۇپ، زامانىمىزنىڭ ئىقتىدار تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنچان قىز - ئاياللاردىن بولۇشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان پسىخىك ئاجىزلىقلار بۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىر مۇنچە تەرەپلەردە كۆرۈلسىمۇ، ئۇلاردىكى ئۆزىنى ئوغۇل - ئەرلەردىن كەم چاغلاپ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئەرلەر بىلەن تەڭ كۆرۈش ۋە ئۆزىنىڭ جەزمەن ئوغۇل - ئەرلەرگە ئوخشاشلا مۇكەممەللىككە يېتىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش بۇ يەردىكى باش ھالقىدۇر.

— ئىرسىيەت جەھەتتە پىكىرنىڭ ماددىي ئورگىنى چوڭ مېڭىدە كەمتۈكلۈك كۆرۈلمىگەن ھەرقانداق ئادەم دانىشمەن بولالايدۇ، - دەيدۇ زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى. بۇ ناھايىتى كۆپ پسىخولوگ ۋە ئىجادىيەتشۇناسلار ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھەم پسىخىك جەريانلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈم. بۇ ھۆكۈم زامانىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە جىنس ئايرىماستىن باپباراۋەر كېلىدىغان ھەقىقەت. چۈنكى ئادەمنىڭ جىنى تۇغما بولغان بىلەن ئادەملەر ئېرىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر كىمنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتلاردا ئەقىل ئىشلىتىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

سېخىي تەبىئەت بەرگەن تەننى مېھرىبان ئانىلارنىڭ بىقىشى ھەممە قەۋمدە ئورتاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى ئوخشىمىغان شارائىت ۋە ئوخشىمىغان مائارىپ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى. بۇ سۆز سۇبيېكتىپ قىياس بىلەن ئېيتىلغان ھاياجان ساداسى ئەمەس، بەلكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولغان ئەمەلىيەتنىڭ ئىنماسى. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ، «تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆرە كىشلەر كۆپرەك مەشىق ئارقىلىق ئالىم ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ» (1) ئەمەسمۇ؟ بىز مەدەنىيەت جەھەتتە ئىرسىيەتلىك تۇغما ئالانتنى ئېتىراپ

(1) دېموكرىت

قىلماي، پىسخىك تىرىشچانلىق ئارقىسىدا ئەمەلىيەتتىن كېلىدىغان تالانتىنى تەكتىلىگەندە، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېزىلگۈچىلەرنى تەقدىر ئىلاھىيغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان نادانلاشتۇرۇش ھەم ئاقىۋەتتە تولۇق بىخۇتلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنىمۇ ئۇنتۇمايمىز. يەر يۈزىدە ئۇزاق داۋاملاشقان سىنىپسىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيىتىگە ئۆتكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخىي جەرياندا بارلىق مىللەتلەردىكى بارلىق ئەزگۈچىلەر ئەنە شۇ توغما ئۈستۈنلۈك نەزەرىيىسىنىڭ تۈرلۈك سەپسەتلىرى بىلەن ئىرقىي ئۈستۈنلۈك، تەبىقە ئۈستۈنلۈكى، ئەرلەر ئۈستۈنلۈكى قاتارلىقلارنى بازارغا سېلىپ، باشقا ئىرقىي ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە، قىز ـ ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى.

لېكىن، ئىنسانلار ئەقىل بۇلىقىنىڭ ئېچىلىشى ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن باغلانسىمۇ، ئىرسىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان مەدەنىيەتسىزلىك ئاساسىدىكى بارلىق گاللىۋاڭلىقلارنى ئىرقىي ۋە جىنسىي ئايرىمچىلىق قىلماي مەنىۋى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتقىلى بولىدۇ. بەلكى مەھكەم باغلاپ زامانىۋى ئىشلاردا ئالدىدا مېڭىشنى نىشان قىلغان ئادەملەر تولىمۇ مەيلى قايسى ئىرقتىن ياكى جىنستىن بولسۇن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش نىشانىغا يېتەلەيدۇ. ھەر قانداق بىر قىز ياكى بىر ئايال سۇبيېكتىپ ھەم ئوبيېكتىپ شارائىتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە دانالار ۋە سېھرىي ـ ھېكمەتلىك سەنئەتكارلارغا ئايلىنالايدۇ. ئەزگۈچى سىنىپلار سەپسەتلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بەلگىلىك دائىرىدە بازار تېپىپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا كامىللىقىنى بىلىشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولغان بولۇپ، ھەرگىز ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئالىي تەبىقچىلىك ۋە قىز ـ ئاياللارنى قۇل قىلىش سەپسەتلىرىنىڭ مەلۇم داۋلىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. كىشىلەر تارىختىن بۇيان دۇنيانى ماكرولۇق ھەم مىكرولۇق كۆزىتىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىمۇ كۆزىتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە چەكسىز قۇدرەت يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى تولۇق بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قۇدرىتىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ھەرقانداق تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ھەرقانداق مۇشكۈل شارائىتتىمۇ ئەقىل كامالىتىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى، نۆۋەتتە ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بايلىق كانىنى ئېچىش ـ ئەڭ جىددىي ۋەزىپە. مۇشۇ مەسىلىنى جىنس ئايرىماي توغرا ھەل قىلىپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى توغرا پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالىغان ھەرقانداق دۆلەت، مىللەت، شەخسنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ جەزمەن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، مىللەت، ئادەمگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار ھەم ئىلمىي دېموكراتىيىگە ئەتراپلىق ئەھمىيەت بېرىدىغان تۈزۈم، شۇڭا، بۇنداق ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى باشقا ھەرقانداق تۈزۈمدىكىگە قارىغاندا زور بولىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىزدىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كەم چاغلىشى ئەڭ زور ئۈمىدسىزلىك بولۇپ، بۇنداق ئۈمىدسىزلىكنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ دېموكراتىك بولغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى كىشىلەردە مەۋجۇت بولۇشىنى تەبىئىيكى سوتسىيالوگىيە ياكى پسىخولوگىيە جەھەتلەردە ئىجابىي باھالىغىلى بولمايدۇ.

ئامېرىكا پاتېنت ئىدارىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى مۇشۇ ئىدارىدە ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ھەققىدە 100 يىلدىن بۇيان توپلانغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ ستاتىستىكا قىلىش ئارقىلىق بارلىق ئەر، ئايال ۋە ئۆسمۈر بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىختىراچى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئادەمدە ئىجادىيەت ئارزۇسى قوزغالغان، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر ئاشۇنداق ئارزۇنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە بوشاشماي تىرىشىپ ئاخىرىدا نەتىجە قازانغان. بىز تېخى 90% ئادەمنى يوشۇرۇن ئىختىراچى دېگەن بەرگە كېلەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا خوتۇن، قىزلىرىمىزنى بىر ئەرنىڭ نەپسى ئۈچۈن قۇل قىلىشتىن يانمايدىغان ئەلپازدا يۈرسەك بولامدۇ؟ سوتسىيالىزمنىڭ شارائىتى بىلەن ناھايىتى كۆپلىگەن قىز ـ ئاياللاردىكى ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىۋاتقان

بولسىمۇ، ياپونىيەدەك قىز - ئاياللىرىنى ئەر - ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ ئىجادىيەت سېپىگە باشلاپ كىرگەن خەلقلەر ئالدىدا نومۇس قىلغۇدەك ھالەتتە تۇرىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ماددىيلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ياپونىيەدە يېقىنقى ئون يىلدا 6 مىليون ئىختىراچى مەيدانغا كەلگەن، ئىختىراچى قىز - ئاياللار 3 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، ئەر - ئوغۇللاردىن ئېشىپ كەتكەن، ئىجادىي قۇدرەت مېڭىسى نورمال ھەممە ئادەمدە بار تۇرسا، بىز نېمىشكە مەخسۇس ئورگانلارغا قاراپلا تۇرىدىكەنمىز؟ قىز - ئاياللارمۇ بىزنىڭ قان - قېرىنداشلىرىمىز تۇرسا، ئۇلار نېمىشكە ئەر - ئوغۇللاردەك بارلىق ساھەلەردىكى ئىجادىيەت سېپىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولمايدىكەن؟ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئاددىي ئەمگەكچى ياكى شۇلار ئارىسىدىن چىققان قىز - ئايال ئىجادكارلارنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى ئويلىغاندا، بىز ئۆزىمىز جىنس ئايرىماي ئومۇمىيۈزلۈك ئىجاد قىلىشقا ئاتلانماي يەنە كىملەرگە قاراپ تۇرىمىز؟

توغرا، بىزدە تېخى تۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىشنى سىر بىلىدۇ ياكى بۇ سىرنى بىلمەيدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن مەدەنىيەت تارىخىي بىلەن ئىنسانلار ھاياتلىقى تارىخىنى پاراللېل ماڭدۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇ سىرنى ئېچىش ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ ئەڭ زۆرۈر ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بايلىق كانىنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچىنى جىنس ئايرىماي ئومۇمىي خەلققە تۇتقۇزۇشمۇ يوللۇق ئاما بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان خەلقىگە ساداقەت ئالىملارنىڭ ئەڭ جىددىي ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئادەم ئالدىدا تۇرغاندەك، ئادەم تەرەققىياتىدا ئەقىل - پاراسەت تەرەققىياتى ئالدىدا تۇرىدۇ. قىز-ئاياللاردا قوش جىنسلىق ئەلا پسىخىكا تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئەتراپلىق ئېچىش، تەبىئىيكى بۇ تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۈگۈنكى رېئال ئەھۋالى ئىسپاتلاۋاتقان بۇ ھەقىقەتنى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بايلىقنى گېئومېتىرىيىلىك كۆپەيتىۋاتقان نوپۇس ئېھتىياجىغا يارىشا كۆپەيتىش بەيگىلىرى تېخىمۇ بەك ئىسپاتلايدۇ. بۇنداقتىمۇ يەنە بىز ئادەم - جىنس ئايرىمايدىغان ئادەم تەرەققىياتى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەت پەرىلىرىگە مەپتۇن بولماي ۋە ئۇنى تولۇقلايدىغان قوش جىنسلىق پسىخىك پەزىلەتنى زۇننار قىلىپ بوينىمىزغا ئاسماي تۇرالامدۇق؟

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەدىنە تاھىر

---

(بېشى 35 - بەتتە)

«تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرىگىمۇ ئەسلىدە بولمىغان يەزىبەر ئىللەتلەر، جۈملىدىن توي ئىگىسى تويغا كەلگەنلەرگە سوۋغات قويىدىغان، كۆرۈشۈلگىمۇ كۆپلەپ تويلۇق ئېلىنىدىغان، قىز تەرەپ باغلىسا كۇپايە بولىدىغان بەلباغنى ھەممە ئادەم تەڭ قالايمىقان باغلاپ يىگىتنى ئىنالماس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان، بەزىدە مەخسۇس مەسلىھەت چېيى ئۆتكۈزۈلىدىغان يارىماس ئىشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ قالدى. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا بولغان تونۇشىنىڭ بارغانچە چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل نامۇۋاپىق ئىشلار ئاخىرى بىر كۈنى تۈگىتىلگۈسى.

# ئامېرىكىغا زىيارەت

## يۇ جىگو (شياگۈەن ناھىيىسىنىڭ شۇجىسى)

باشقىلارنى چۈشىنىش كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان كىشىلەر ئۈچۈن تەرەققىي تاپقان رايون ۋە دۆلەتلەرنى كۆرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. مەن ئامېرىكىدا ناھايىتى قىسقا مۇددەتلىك زىيارەتتە بولساممۇ، بۇ ھەقتىكى ئەسراتىم ئاجايىپ چوڭقۇر بولدى. شۇڭا، زىيارەت خاتىرەمنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشنى ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ بىلدىم.

### تېپىك بولغان «ئۈچتە يۇقىرى جەمئىيەت»

ئامېرىكىدا يولغا قويۇلغىنى يۇقىرى مائاش، يۇقىرى باھا، يۇقىرى ئىستېمال بولۇپ، بۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى ئىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئىش سائىتىنىڭ ئىش ھەققى 2.45 دوللاردىن تۆۋەن بولماسلىقىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 20 مىڭ دوللار ئۆپچۆرىسىدە، فىزىكلارنىڭ 400 مىڭ دوللار ئۆپچۆرىسىدە، شىركەت باش دىرېكتورلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 3 مىليون دوللار ئۆپچۆرىسىدە بولىدىكەن، بەزىلەرنىڭ ھەتتا 10 مىليون دوللار ئەتراپىدا بولىدىكەن. ئامېرىكىدا بەزىلەر مۇقىم ئىش ھەققىدىن باشقا يەنە «چاي پۇلى» ئالىدىكەن. مەسىلەن، مېھمان كۈتۈش، مېھمانخانا، پىكاپ بىلەن كىراكەشلىك قىلغۇچى شوپۇرلار، يول باشلىغۇچىلار، بىكەت، ئايروپىلان ئىستانسىلىرىدىكى ھامماللار، دوختۇرلار ئەنە شۇنداق چاي پۇلى ئالىدىكەن. ئاشخانىلاردا غىزالانغۇچىلار تاماق باھاسىنىڭ 10% ى بويىچە چاي پۇلى بېرىدىكەن. بىز ئاشخانىلاردا غىزالانغان ۋاقتىمىزدا بەزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تاماق يەپ بولۇپ ھېساباتنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە چاي پۇلىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە ياكى تەخسىنىڭ تېگىگە باسۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى، كۈتكۈچىلەرنىڭ قاچا - قۇمۇشلارنى يىغىشتۇرغاندا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىرىمى كۆپ بولغان بىلەن چىقىممۇ، تۈرتۈپ قىلىندىغان زورۇرىيەت پۇللىرىمۇ ئاز ئەمەسكەن. مەسىلەن، قوشما شتات ھۆكۈمىتى ئالىدىغان باج، ئۆي - مۈلۈك بېجى، باشانغانلار داۋالىنىش ستراخوۋانىيىسى، داۋالىنىش سالامەتلىك ستراخوۋانىيىسى، ماشىنا ستراخوۋانىيىسى، جەمئىيەت ئامانلىق ستراخوۋانىيىسى، دەم ئېلىشقا چىققاندا بېقىلىش ستراخوۋانىيىسى قاتارلىقلار تەخمىنەن كىرىمنىڭ 20% — 30% تىنى ئىگىلەيدىكەن.

ئامېرىكىدىكى مال باھاسىنى ئېلىمىزدىكى مال باھاسى بىلەن سېلىشتۇرساق، بىر قىسىم ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ باھاسى بىر ئاز تۆۋەن بولغاندىن سىرت، قالغان ماللارنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىكەن، ھەتتا ئون نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى ئىكەن. ئامېرىكىدا داۋالىنىش ھەققىنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. دوختۇرخانىلاردا كېسەل كۆرسىتىش نومۇرى ئۈچۈن ئون نەچچە ئامېرىكا دوللىرى ئالىدىكەن، سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن 1200 ئامېرىكا دوللىرى، ئاياللار دوختۇرخانىدا بوشانسا بىر كېچىلىكى ئۈچۈن 1000 ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك ئالىدىكەن.

ئامېرىكىدا ئىستېمالغا ئىلھام بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىستېمال كۆز قارىشىمۇ بىز بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىكەن. بىز جۇڭگولۇقلار «يانچۇقنى تومپاپ بولۇپ پۇل خەجلەش»نى، «قانچىلىك پۇل بولسا شۇنچىلىك ئىش قىلىش»نى، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش»نى، ھەر قانچە بىر نەرسە سېتىۋالساقمۇ قەرز بولۇپ قالماسلىقنى قوغلاشقان بىلەن، ئامېرىكىلىقلار «كېيىنكى كەلگەندە خەجلەۋېتىپ ئاندىن ئىزىنى تولۇقلاش»نى، «ئاز پۇل بىلەن چوڭ ئىش قىلىش»نى، قەرز قىلىپ بولسىمۇ بىر نەرسىنى سېتىۋېلىپ ئاندىن قەرز تۆلەشنى قوغلىشىدىكەن. ھەر بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئولتۇراق ئۆي بىلەن پىكاپ سېتىۋالىدىكەن، بىر يۈرۈش ئۆي ئادەتتە 100 — 400 مىڭ دوللارغا كېلىدىكەن. پىكاپ ئاز بولغاندا بىر نەچچە مىڭ يۈەن، كۆپ بولغاندا 10 مىڭ يۈەنگە ھەتتا نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە كېلىدىكەن. بۇنداق مۇھىم نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتا كىشىلەر قەرز ئېلىش ئۇسۇلى، ئالدى بىلەن بىر قىسىم پۇلنى تاپشۇرۇپ، بىر قىسىم پۇلنى بانكىغا ئىلتىماس قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن. ئەگەر بانكا قەرز بېرىشكە قوشۇلسا، ئىككى تەرەپ توختام تۈزۈپ، سېتىۋالغۇچى ھەر ئايلىق كىرىمىدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ تەدرىجىي تۆلەيدىكەن. بۇنداق قەرەلگە بۆلۈپ تۆلەش جەريانىدا ناۋادا كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ تۆلىيەلمەي قالسا، بانكا ئۆي ۋە پىكاپلارنى ئۆتكۈزۈۋالىدىكەن. ئامېرىكىدا ھەممە ئادەم ئۆي ۋە پىكاپ سېتىۋېلىشتا قەرز ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدىكەن. بۇنداق قەرز ئېلىشنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن: بىرىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ رەسمىي پۇقراسى بولۇش ياكى «يېشىل كارتا»غا ئىگە بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، نورمال كىرىم قىلالايدىغان ۋە يىلمۇ يىل تۆلەپ قايتۇرالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىشەنچلىك بولۇش كېرەك ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئامېرىكىلىقلاردا يېقىنقى يىللاردا بۇنداق ھالقىغان ئىستېمال قىلىش ئەھۋالى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ بارغانسېرى قەرز تۆلەيدىغان كۈندىن قۇتۇلۇش كەيپىياتى تۇرلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمال ئۇسۇلى ناھايىتى يەڭگىل ئىكەن.

## «ماشىنىلار پادىشاھلىقى»

ئىلگىرى پەقەت ئامېرىكىدا ماشىنا كۆپ دەپ ئاڭلايتتىم، لېكىن زادى قانچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بۇ قېتىم زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ماشىنا پادىشاھلىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا 100 مىليون ماشىنا بار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.7 ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن. ھەر بىر ئائىلىدە مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق كىشىلەر ھەتتا ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ بىردىن ماشىنىسى بار ئىكەن. كوچىلاردا، يولنىڭ بويلىرىدا، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرىدا، ئورگان، ماگىزىن، رېستوران، مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىلىرىدا نەگىلا قارىسىڭىز ماشىنا، كوچىلاردىكى ماشىنىلار پىيادىلەردىن كۆپ.

## زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى

ئامېرىكىدا يېزا يوق، پۈتۈنلەي شەھەرلىشىپ بولغان بولۇپ، پەقەت چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر دەپلا ئايرىلىدۇ. ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ 2 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. بىر يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق بىلەن 60 تىن كۆپرەك ئادەمنى باققىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش، يەن ـ تېخنىكىلىشىش، خىمىيىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ھازىرقى زامان يەن ـ تېخنىكىسىنى قوللىنىدۇ. سۇغىرىشتا ئاساسلىقى پۈركۈپ سۇغىرىش ۋە يەر ئاستىدا تېمىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بىر كالىفورنىيە شتاتىدىن نيۇدا شتاتىغىچە بولغان يولدا ھەر يوغان ئۈزۈملۈك باغلارنى، كۆز يەتكۈسىز بۇغدايلىقلارنى، بىر قىسىم پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىلىرىنى كۆردۇق، ئەمما يەر تېرىۋاتقان بىرەر ئادەمنى كۆرمىدۇق.

## تەرەققىي قىلغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار

ئامېرىكىدا تەخمىنەن 70 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بار بولۇپ، دۇنيادىكى مۇشۇنداق يوللار ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ھەممىسى قوش ئەنلىك، سۈرئىتى بىر قەدەر يۇقىرى. ھەر بىر ئەن يولدا ئادەتتە تۆت ماشىنا قاتارلىشىپ ماڭالايدۇ. ھەتتا بەزى يوللاردا 16 ماشىنا قاتارلىشىپ ماڭالايدۇ. ئامېرىكىدا قاتناش باشقۇرۇش ناھايىتى قاتتىق.

## ئىلغار ئالاقىلىشىش تورى

ئامېرىكىدا ھەر ئىككى ئادەمگە بىردىن تېلېفون توغرا كېلىدىكەن. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇملاشقان بىۋاستە تېلېفونلار بىلەن كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۆزلىشەلەيدىكەن. سودا سارايلىرى، ئايروپىلان ئىستانسىلىرى، ماشىنا توختايدىغان مەيدانلار، مېھمانخانا، ئاشخانا، ماي قاچىلاش بېكەتلىرى، ماشىنا ۋە پويىز كۈتۈش سارايلىرى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بويلىرى، يول، كوچىلارنىڭ بويلىرى ۋە كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە تېلېفون بار ئىكەن. جامائەت سورۇنلىرىدا تېلېفون بېرىش ناھايىتى قولايلىق بولۇپ، 25 تىيىن تاشلىغان ھامان شەھەر ئىچىدىكى ھەر قانداق جايغا تېلېفون بەرگىلى بولىدىكەن.

## يېتەرلىك توك كۈچى

ئامېرىكىدا شامال كۈچى، سۇ كۈچى ۋە يادرو كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بولۇپ، توك كۈچى ناھايىتى يېتەرلىك ئىكەن. ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان توك بېسىمى 110V بولىدىكەن. بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا بىر مۇنچە تاغ چوققىلىرىدىكى شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ گويا بوركۈتلەر ھاۋانى يېرىپ كېتىۋاتقاندەك توختىماستىن ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. توك ئامېرىكىدا ئالاھىدە بىر خىل تاۋار بولۇپ، ئېھتىياجدىن ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىكەن. ئۇنى بىر يەردە ساقلاپ تۇرغىلى بولىدىغان تاۋار بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ توك ئىشلىتىشى تەشەببۇس قىلىنىدىكەن. بۇ ھال بىزنىڭ توكنى تېجەش دېگەن قائىدىمىزنىڭ ئەكسىچە ئىكەن. ھەر كۈنى كەچلىكى كوچىلار، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە تۈرلۈك چىراغلار پۈتۈن كېچىچە ۋاللىداپ تۇرىدىكەن، پۈتۈن شەھەر گويا يۇلتۇزلار دۇنياسىغا ئوخشاش يورۇپ تۇرىدىكەن. ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ تولۇق ھەتتا ئېشىپ تۇرۇشى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئەھۋال بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

## ئامېرىكا بازارلىرى

ئامېرىكىدا دەرىجىدىن ھالقىغان ھەم كۆچمەن بازارلار بولىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كاساتلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، تاۋارلارنى سېتىۋالىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئىكەن. بىز بىر مۇنچە شەھەر ھەم بازارلارنى ئايلانغاندا، ئۇ شەھەر ھەم بازارلاردا ئادەمنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، تاۋارلار ناھايىتى مول بولسىمۇ، ئۇلارنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئامېرىكىنىڭ بازارلىرىدا بىز كۆرگەن كۈندىلىك بۇيۇملار، ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ئويۇنچۇقلار، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئەن رەختلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ئامېرىكىغا بارغان ھامان نەچچە، ئون نەچچە ھەسسە ئۆسۈپ كېتىدىكەن.

# ئامېرىكىنىڭ «ئۈچ سەككىزلىك» تۈزۈمى

ئامېرىكىلىقلار ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن ئارام ئالىدىكەن. ھەر كۈنى سەككىز سائەت ئەمگەك، سەككىز سائەت ئۇخلاش، سەككىز سائەت ئارام ئېلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. ئامېرىكىلىقلار بۇنى «ئۈچ سەككىزلىك» تۈزۈمى دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ئىشلىگەندە چىڭ ئىشلەشنى، ئوينىغاندىمۇ پۇخادىن چىققۇدەك ئويناشنى تەكىتلەيدىكەن. شۇڭا، خىزمەت ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەن. بىزنى كۈتۈۋالغان شىركەتتىن ئىككى ئادەم بىزگە ھەمراھ بولدى. بۇ ئىككى ئادەم ھەم شوپۇر، يول باشلىغۇچى، تەرجىمان، ھەم ئارقا سەپ خىزمەتچىسى بولدى، شۇنداقلا ھەمراھ بولغۇچىلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. دېمەك، بىر ئادەم بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوينىشىدا ياڭرىمۇ ياڭرا ئىشلار بولۇپ، ئىت ئوينايدىغان، مۈشۈك ئوينايدىغان، ئوۋچىلىق قىلىدىغان، پۇل تىگىشىدىغان... دېگەندەك خىلمۇ خىل ئىشلار بار ئىكەن. كوچىلاردا يەنە ئەر ياكى ئاياللارنىڭ ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتلاقلاردا ئوينىسا، بەزىلىرى پىكاپلارنى ھەيدەپ مېڭىپ يۈرۈپ ئوينايدىكەن. شەنبە كۈنلىرى بىزدەك يەپ - ئىچىشنىڭ كويىدا بولماستىن، بەلكى تاماشا قىلىش، دوستىيار - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە زىيارەتكە بېرىش، ئائىلە بويىچە باغچىلارغا بېرىپ ئويناش، دېڭىز - دەريا بويلىرىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈش ياكى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ سەيلە قىلىش، كەچقۇرۇنلىرى كاراۋكلاردا ئۇسسۇل ئويناش، مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش، رېستوران، قەھۋەخانا، ھوزۇرلۇق ئارامگاھلاردا ئويناشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدىكەن.

## تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد ئارقىسىدا

ئامېرىكا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدە تازا تەرەققىي قىلغان ئاقساقال بولۇپ، ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئۆگىنىش ھەم ئۈلگە ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە تەرەپلىرى بار ئىكەن. بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا بىلەن باشقۇرۇش تەجرىبىسىدە، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللىرى بەك كۆپ ئىكەن. لېكىن، بۇنداق تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد ئارقىسىدا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، ئىقتىسادنىڭ ئارقا - ئارقىدىن كاساتلىشىپ كېتىشى، گۈللىنىشكە ماغدۇرى يەتمەسلىك، ئىشسىزلىق ۋە مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق مەسىلىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بولۇپمۇ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش بىلەن ئىرقىي بۆلۈنۈش ئېغىر بولۇپ، 11.6% نېگىرلارنىڭ ئورنى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلاردا ئىشسىزلىق ئاق تەنلىكلەردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، ئۆلتۈرۈۋېتىلىدىغان ئادەم ئاق تەنلىكلەردىن ئالتە ھەسسە كۆپ ئىكەن. بىز نيۇ - يورك بىلەن ۋاشىنگتون قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا ئۇچراتقان دىۋانىلارنىڭ كۆپىنچىلىكى نېگىرلار ئىكەن. لېكىن، بۇ دىۋانىلارنىڭ تىلەمچىلىك ئۇسۇلىمۇ زامانىۋىلاشقان بولۇپ، بەزىلىرى ياڭراتقۇ ئارقىلىق مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئوقۇش ئارقىلىق دىۋانىچىلىق قىلسا، بەزىلىرى ئۆزلىرى مۇزىكا چېلىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئارقىلىق تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. يەنە بەزىلىرى: «بىر تىيىن بەرسىڭىزمۇ ئاز دېمەيمىز» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، ئايرىم ساندىكلىرى قالپىقىنى تەڭلەپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن.

ئامېرىكىدا قورال - ياراغلار ئەركىن سېتىلىدىكەن، ئاڭلىشىمىزچە، ئامېرىكىدا شەخسلەرنىڭ قولىدا 200 مىليون تالدىن كۆپرەك قورال - ياراغ بار ئىكەن. بۇلاڭچىلىق ۋە شۇمپەنلىك ئىشلىرى ئۈزۈلمەي كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. جەمئىيەتتە يەنە مەخسۇس ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كەسىپ قىلىۋالغان شۇمپەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆلتۈرۈۋاتقان ئادەمنىڭ قانداق جان تالىشىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىدىكەن. ۋاشىنگتوننىڭ «ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيدىغان شەھەر» دېگەن نامى بولۇپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلىدىكەن. نيۇ - يوركنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى تېخىمۇ قالايمىقان بولۇپ، ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىمۇ ناچار ئىكەن. ماشىنا ئوغرىلايدىغان، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، بانكىغا باستۇرۇپ كىرىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولۇپ، دۇنيا بويىچە جىنايەت سادىر قىلىش جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

ئامېرىكىدا پاھىشىۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بەزى شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا پاھىشە خوتۇنلارنى تونۇشتۇرىدىغان ئېلانلار، ئېلان سەھنىلىرى، ئېلان سۈرەتلىرى ھەدېسىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. يەنە چىراغلار ئارقىلىق ئېلان چىقىرىپ تۇرىدىغانلارمۇ بولىدىكەن. بۇنداق مەسىلىلەردىن ئامېرىكىدىكى ناھايىتى كۆپ ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بەكمۇ قايغۇرىدىكەن.

«كادىر ۋە تالانت» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 11 - سانىدىن مەدىنە تاھىر تەرجىمىسى

باشقا ياخشى نام ئىزلىمە، شۇ يېتەر —
سېنى ياخشى ئادەم دېسە ئەل ئەگەر.

سەئدى

# تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ۋە تەرمىلەر

**يەكەن خانلىقىنىڭ سودا ـ سېتىق ئەھۋالى.** ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت شىنجاڭ سودا گېزىتىنىڭ 1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان شۇ نامىلىق ماقالىسىدە بۇ خانلىقنىڭ سودا ـ سېتىق ئەھۋالىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: سودا ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى، ئاساسەن، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، قول سانائەتنىڭ كەسپلىشىشىگە ۋە قاتناشنىڭ راۋانلىشىشىغا باغلىق.

يەكەن خانلىقى مەزگىلدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىم ئىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەرلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى شەھەرلەردىكى مەخسۇس بازارلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. خانلىقنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى گۈللەنگەن، تاشقى سودا ئالاقىلىرى كۈچەيگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، خانلىق تەۋەسىدىكى تۈرگۈن شەھەرلەر سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا شۆھرەت تېپىپ، قەدىمكى يىپەك يولى قايتىدىن جانلانغان، خانلىق تېررىتورىيىسىدە كارۋان سارىيى 1730 غا، بازار 198 گە، سودا دۇكىنى 889 غا يەتكەن. بولۇپمۇ خانلىقنىڭ پايتەختى جايلاشقان يەكەن «سودىگەرلەر قىسمۇ ـ قىسىم، ھەر خىل ماللار توپلانغان مەشھۇر سودا بازىرى بولغان».

يەكەن خانلىقى دەۋردە قول سانائەت ئىنتايىن راۋاجلانغان بولۇپ، قول سانائەت بۇيۇملىرى تاشقى سودىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. يەكەن، كۇچا، قەشقەر، ئاقسۇ، بۈگۈر قاتارلىق جايلار ئەينى چاغدا كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن، قاشتېشى، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، تۇز، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ھەر خىل سۈپەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياسىلىپ، خانلىق دائىرىسى ۋە قوشنا ئەللەردە سېتىلغان. توقۇمچىلىق بولسا، ئەڭ تەرەققىي قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى ئىدى، يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ، پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىپ، سودا ئىشلىرىدا بۆز ـ خام ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قالغان. يەنى بۆز ـ خاملار بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پۇلغا باراۋەر نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، سودا ئىشلىرىدىكى ۋاسىتە بولۇپ قالغان. يەكەن خانلىقى دەۋردە خانلىق تەۋەسىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى باشتىن ـ ئاياغ قويۇق بولۇپ كەلگەن. ئابدۇللاخان دەۋردە سۈجۇ بىلەن قۇمۇل شەھىرى يەكەن خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ جايلاردا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودىگەرلىرىمۇ قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرگە كېلىپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن سىرت يەكەن خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بەزى كۆچمەن چارۋىچى خانلىقلار بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى بولغان. ئۇلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاشلىق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرغان. يەكەن خانلىقى چېگرا باجخانىسى قۇرۇپ چېگرىدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن باج ئالغان. قەشقەردىن سەمەرقەنتكە، ئاقسۇدىن چىقىپ يەكەن، بەدەخشان، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان سودا كارۋان يوللىرى بولغان. خانلىقنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى ئات، تۆگە، قاشتېشى، زۇمرەت تاش، ئالماس، پولات خەنجەر، پولات ئىكەك، ھەر خىل قەلەمتىراش، توغراق شۆلتىسى، بۆكەن مۈڭگۈزى، يوللۇق قىزىل شايى، يېشىل تون، ئىگەر، خۇرجۇن، گۈللۈك ياغلىق، گىلەم قاتارلىق ماللار بولغان بولسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى ئاساسەن رەڭدار دۇردۇن، شايى، مەشۇت قاتارلىقلار بولغان.

يەكەن خانلىقى زېمىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ سانى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، بۇ تاۋارلار خانلىقتىكى خەلقنىڭلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭمۇ ئىستېمال زوقىنى قوزغىغان. ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىڭ بۇنداق زور كۆلەمدىكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يەكەن خانلىقى تاۋار ئوبوروتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن

پۇل (تەڭگە) قويدۇرۇپ ئوبوروتقا قاتناشتۇرغان.

**قاراماي ۋە سىلىم بوۋاي.** بۇ ماقالىنىمۇ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت يازغان، ئۇ بۇ ماقالىدا مۇنداق دەيدۇ:

قاراماي 18 - ئەسىردىن ئىلگىرى ئادەمزاتسىز چۆللۈك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالمىغان. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قاراماي ھەققىدە ئانچە - مۇنچە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھلىل» دە «قارامايدا (قارا مايتاغ، دەپ ئاتالغان) ماي بۇلاقلار بەك كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ چوققىسىدىكى بۇلاق ئەڭ چوڭ. ھەر كۈنى 200 جىڭدىن ئارتۇق ماي ئالغىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا: «چۆچەكتە نېفىتلىك بار. نېفىت چىقىرىدىغان جاي ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يېزىدا. جوڭگى كۆكتاش، (　　) كىچىكى قارامايتاغ دەپ ئاتىلىدۇ. دىخۇا (ئۈرۈمچى) بىلەن بولغان ئارىلىقى 680 لى كېلىدۇ. ھازىرغىچە بايقالغان ماي بۇلاقلار ناھايىتى كۆپ ... شەخسلەر پايدىلىنىدۇ. مايىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ قويۇق ھەم قارا» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقى تارىخىي بايانلاردا گەرچە قارامايدىن ماي چىقىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما مايىنىڭ كىم تەرىپىدىن قانداق ئېلىنىغانلىقىدەك مۇھىم مەزمۇن خاتىرىلەنمىگەن.مەن ئۇۋەندە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي:

قاراماي دېگەن نام بۇ جاينى ئۇنجى قېتىم تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان كىشى — سىلىم بوۋاي تەرىپىدىن قويۇلغان. سىلىم بوۋاينىڭ قاچان، قايەردە تۇغۇلۇپ، قاچان، قايەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارامايغا بىرىنچى ئىلگىرى شىخونىڭ چىيەيزە (　　) دېگەن يېرىدىكى ئەشمەت ئىسىملىك بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئىكەن. بىر قېتىم ئەشمەت مال باققىلى چىققاندا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەن. سىلىم ئۇنى ئىزدەش جەريانىدا ھازىرقى كونا قارامايدىكى تاغ ئۈستىدىن بۇلدۇقلاپ ماي چىقىپ تۇرغان بۇلاقنى ئۇچرىتىپ قالغان. شۇ چاغلاردا ئۇ تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ يولىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ھەم ئەشمەتنىڭ ئۆيىدە بىكار يېتىپ يۈرۈشنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن باشلاپ مۇشۇ جاينى ماكان تۇتۇپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ 1911 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينى بولغاچقا، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا تېخى ئېلېكتر چىراغلار يوق ئىدى. شۇڭلاشقا سىلىم بوۋاي ماي بۇلاقتىكى مايىنى يەرلىك ئۇسۇلدا چەككىلەپ ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا ئاپىرىپ سېتىش بىلەن جان باققان. كىشىلەر ئۇنىڭدىن «سەن نەلىك؟» دەپ سورىسا ئۇ: «ماي بۇلاقلىق» ياكى «يەر يېغى چىقىدىغان جايدىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىنچە ئۇ بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي «يەر يېغى» قارا بولغاچقا ھەم ماي بۇلاقلار جايلاشقان تاغلار قارا بولغاچقا ئۆزىنى «قارامايلىق» دەپ ئاتايدىغان بولغان (بۇ جاي ھېلىمۇ كونا قاراماي دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە). سىلىم بوۋاي ئۇستا قوشاقچى ۋە سازەندە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرى ھەققىدە: «نەلىكسەن دېگەنلەرگە، قارامايلىق دەپ كەتتىم، ئىشەككىلىك ئۈچ كۈن مېڭىپ، شىخوغا ئاران يەتتىم» دەپ قوشاق توقۇغان.

سىلىم بوۋاينىڭ تېۋىپلىقتىنمۇ خەۋىرى بولۇپ، ئۆز كېسەللىنى ئۆزى كۆرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆمرى گەرچە جاپادا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ 70 ياشتىن ئاشقانداق ئالەمدىن ئۆتكەن.

سىلىم بوۋاينىڭ ماي بۇلاق (قاراماي)دىكى ھاياتىي 1911 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇ بۇ ئۇزاق جەرياندا ماي بۇلاق ئەتراپىنى كېزىپ يۈرۈپ ئۇرغۇتۇلغان ماي بۇلاقلارنى بايقىغان ئۇنجى ئىگىلىك ياراتقۇچى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە يولباشچى بولۇپ قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

ماكانىمدۇر ماي بۇلاق،
جەرەن بۇلاق، ئاق بۇلاق.
تۆھمەت ئالۋاڭ ياساقتىن،
ياغرى تازا ساق بۇلاق.

نەلىكسەن دېگەنلەرگە،
قارامايلىق دەپ قويدۇم.
تاپسام يېگى ماي بۇلاق،
دۇرۇت ئوقۇپ ئات قويدۇم.

ئوت - چۆپى بار بۇ يەرنىڭ،
سۈيى يوقكەن بۇ يەرنىڭ.
قاراماي دەپ ئات قويدۇم،
مېيى باركەن بۇ يەرنىڭ.

— «سىلىم بوۋاي قوشاقلىرى» دىن

**پۇل مۇئامىلە ئىمپېرىيىسى — شۋېتسارىيە:** شۋېتسارىيە تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر

ئىختىيارسىز ھالدا «سائەت پادىشاھى» نى ئېسىگە ئالىدۇ. بۇ شۋېيتسارىيىنىڭ تەرەققىي تاپقان سائەتچىلىك كەسپى بىلەن دۇنيا بازىرىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكىدىن بولغان. ئەمما كىشىلەر شۋېيتسارىيىنىڭ يەنە «پۇل مۇئامىلە ئىمپېرىيىسى» دېگەن نامىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

شۋېيتسارىيە بانكىلارنىڭ زىچلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1200 كىشىگە بىردىن بانكا ياكى پۇل مۇئامىلە مۇئەسسەسەسى توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاساسلىقى شۋېيتسارىيىنىڭ 1815 - يىلىدىكى ۋېنا يىغىنىدا مەڭگۈ بىتەرەپ دۆلەت» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىدىن بولغان. ئۇ ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپى مۇقىم. شۋېيتسارىيە ئەركىن ئىقتىسادىي پرىنسىپنى يولغا قويغان بولۇپ، تاشقى سودا ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تۈزۈمى يوق. شۋېيتسارىيىنىڭ بانكا كەسىپلىرى مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، پۇل ئامانەت قويغۇچىلارغا قارىتا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، بانكىدىكى ئامانەت پۇللار قانۇن تەرىپىدىن قاتتىق قوغدىلىدۇ. ئىككىنچى، بانكىدىكى ئامانەت پۇللارغا ئۆسۈم بېرىلمەيدۇ ياكى تۆۋەن ئۆسۈم بېرىلىدۇ. 70 - يىللاردا تېخى چەت ئەللىك مۇئامىلىدارلاردىن ئۆسۈم پۇلى (ساقلاپ بېرىش ھەققى) ئېلىناتتى.

كەلگۈسىدە بازىرى ئەڭ ئىتتىك بولىدىغان ئون چوڭ تاۋار، ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر سودا ژۇرنىلىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، كەلگۈسىدە تۆۋەندىكى ئون خىل تاۋارنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك بولىدىكەن: 1. ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدىغان دورا ماتېرىياللىرى؛ 2. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرگىلى بولىدىغان «ئۇنىۋېرسال تېلېۋىزور»؛ 3. تېرىنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلايدىغان «تېرە ئاسراش جەۋھىرى»؛ 4. ئاتلىق سۇ ياكى دېڭىز سۈيىنى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئاپتوموبىل؛ 5. ئۆگەنمىسىمۇ ھەيدىگىلى بولىدىغان ئومۇملاشقان يەككە كىشىلىك ئايروپىلان؛ 6. ئۈزلۈكسىز مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان «مۇزىكىلىق كىيىم»؛ 7. روھنى ئۇرغۇتىدىغان زەھەرسىز تاماكا؛ 8. سەرپىياتى تۆۋەن، باھاسى ئەرزان بولغان كىچىك تىپتىكى سۇدا ئېرىتىش قۇرۇلمىسى؛ 9. يانغا ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولغان، ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى قاتارلىق 10 چوڭ ئاساسلىق تىل ئالدىن ئويۇشتۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال تەرجىمە قىلىش سىستېمىسى؛ 10. ئادەمنىڭ قانداق كېسەل بولغانلىقىنى خالىغان ۋاقىتتا دىئاگنوز قويۇپ دەپ بېرەلەيدىغان ساقلىقنى ساقلاش ئۈسكۈنىسى.

**بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى.** ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسرائىل يۈسۈپ بۇ ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: بېشبالىق، تارىختا ئۆتكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى (قوشۇمچە پايتەختى). ھازىر، تارىختىكى بۇ مەشھۇر شەھەرنىڭ خارابىسى جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ 700 مېتىر غەربىگە جايلاشقان، بۇ ئىبادەتخانا، ئۇزۇنلۇقى 0.50 مېتىر، كەڭلىكى 0.20 مېتىر، قېلىنلىقى 0.10 مېتىر كېلىدىغان كېسەكلەرنى خاڭدالغان توپا تۇل ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قوپۇرۇش ئارقىلىق بىنا قىلىنغان، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 70.50 مېتىر، كەڭلىكى 43.80 مېتىر كېلىدۇ. خارابىنىڭ شىمالىي قىسمى ئىبادەتخانا ئاساسىي سارىيىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا مۇۋاپىق ماسلاشقان بىنالاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 45.80 مېتىر، كەڭلىكى 43.80 مېتىر كېلىدۇ. ئىبادەتخانا ئاساسىي سارىيىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 11 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 14.30 مېتىر. ئاساسىي سارايىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ، غار شەكىللىك ئۆيلەر (كېمەر ئۆيلەر) سېلىنغان. يەنى، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا بىر رەت ئۆي سېلىنغاندىن باشقا، قالغان ئۈچ تەرىپىگە ئاستى - ئۈستى قىلىپ، يەتتە ۋە سەككىز ئېغىزدىن ئۆي سېلىنغان. ئاساسىي سارايىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاساسىي ساراي پەلەمپەي يولىنىڭ ئېغىزى، قورۇل، سۇپىلارنى مەركىزىي ئوق سىزىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە ئۆز - ئارا ماس كەلتۈرۈلۈپ، بۆت قەسىرلىرى ۋە ئىسكىلاتلار، راھىبلار ھۇجرىلىرى قاتارلىق قوشۇمچە ئىمارەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1979 -، 1980 - يىللىرى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى، مەزكۇر ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ ئاساسىي سارىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كېمىر ئۆيلەرنى (ئاستىنقى قەۋىتىدە سەككىز ئېغىز، ئۈستۈنكى قەۋىتىدە يەتتە ئېغىز ئۆي بار) ۋە ئاساسىي سارايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سەككىز ئېغىز يان سارايى (ئىككى ئېغىز كىچىك)، تۆت ئېغىز ئىسكىلات، بەش ئېغىز راھىبلار ھۇجرىسى ۋە قورۇ، سۇپا قاتارلىقلارنى قازدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي ساراي ۋە ئۇنىڭ غەربىي، شىمالىي، جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى كېمىر ئۆيلەرنىڭ دائىرىسىنى تازىلىدى. شەرقىي تەرەپتىكى كېمىر ئۆيلەر تەكشى يۈزى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك، ئەگمە تورۇسلۇق بولۇپ، ئۇلاردىن پەشتاق، ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرى بايقالدى. يان سارايلارنىڭ تەكشى يۈزى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۇلاردىن بۇت سۇپىسى، پەشتاق، ھەيكەل، تام رەسىملىرى ۋە ياغاچ قۇرۇلۇش دېتاللىرى بايقالدى. شۇ يىللاردا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تازىلاش جەريانىدا، يەنە ھەر خىل ساپال قاچىلار (بەزىلىرىنىڭ سىرتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار)، قاش تېشى، سەدەپ قۇلۇلىسى قېپى ۋە تاشتىن ياسالغان ھەر خىل بېزەكلەر، رەڭلىك ئەينەك ۋە بىر يۈزىدىن ياسالغان مارجانلار، قارفور پارچىلىرى، سۆڭەك تاغاق، مىس بېزەك، ئالتۇن يالىتىلغان مىس شىر ھەيكىلى، تۆمۈر پالتا ۋە «كەيۈەن تۇڭباۋ» قاتارلىق يارماقلار تېپىلدى.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئېنىق دەۋر بايقالمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دەۋرگە ھۆكۈم قىلىشتا ئاساسلىنىشقا بولىدىغان يازما ماتېرىيال تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كاربون 14 نى ئۆلچەش ئارقىلىق بېكىتىلگەن دەۋر سانلىق مەلۇماتى ئاساس قىلىندى. بۇنىڭدا كېمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئىچىگە ئېلىنغان ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ ياغاچ تۆۋلىكى، ھەيكەللەرنىڭ ياغاچ ئىسكىلىتى ۋە قومۇش ئىسكىلىتى قاتارلىقلاردىن ئۈرنەك ئېلىنىپ، كاربون 14 دەۋر سانلىق مەلۇماتىدىن بەشى ئېلىنغان. بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ۋە ياغاچ ئۈرنەكلەرنىڭ دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق توغرىلانغان دەۋرگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىنىڭ دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى مىلادى 960 - 1090 - يىللارغا، تۆۋەن چېكى مىلادى 1100 - 1270 - يىللارغا، ئەڭ يۇقىرى چېكى بىلەن ئەڭ تۆۋەن چېكىنىڭ ئارىلىقى مىلادى 960 - 1270 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا، يەنى 1383 - يىلى، تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا بېشبالىق خانى بولغاندىن كېيىن، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەرنى زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى چېقىپ، راھىبلارنى ئۆلتۈرگەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى ئاساسىي ساراي، يان ساراي، ئىسكىلات، قورۇ قاتارلىقلاردىن بايقالغان چوڭ دائىرىدىكى كۆيگەن ئىزلارمۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خان جەمەتىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماددىي ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا ئاساسىي سارىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كېمىر ئۆيلەر بىلەن جەنۇبىي تەرىپىدىكى يان سارايلارنى مىسالغا ئالساق، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى يەتتە ئېغىز ئۆينىڭ بىرىدە ئۈچ پەشتاق، قالغانلىرىدا بىردىن پەشتاق بار. ئاستىنقى قەۋەتتىكى سەككىز ئېغىز ئۆينىڭ ئۈچىدە ئۈچتىن، قالغانلىرىدا بىردىن پەشتاق بار. بۇ پەشتاقلاردىكى بۇتلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا چېقىلغان. بۇ كېمىر ئۆيلەرنىڭ تام ۋە تورۇسلىرىغا تېۋىنغۇچى بودىساتۋالار رەسىمى، نەغمىچى پەرىلەر رەسىمى، تېۋىنغۇچى بىكشۇلار رەسىمى قاتارلىقلار سىزىلغان. ئىبادەتخانا ئاساسىي سارىيىنىڭ پەلەمپەي يولىنىڭ كىرىش ئېغىزى ۋە يان سارايلاردىن تېۋىنغۇچى بودىساتۋالار رەسىمى، سەككىز خاننىڭ شەرىر بۆلۈشۈش رەسىمى، ئۇيغۇر تېۋىنغۇچىلار رەسىمى ۋە بۇددا دىنىي ھېكايىلىرىگە، بۇددا نومىلىرىدىكى قىسسىلەرگە ئاساسەن سىزىلغان رەسىملەر بايقالدى.

ئىبادەتخانا خارابىسى تاملىرىدىن تام رەسىملىرى بىلەن بىللە يەنە تۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارمۇ بايقالدى.

مەن ئۇ يەرگە 1980 - يىلى بۇ خارابىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىسىملىرى قېزىلىپ ۋە تازىلىنىپ بولۇشىغا بارغان ئىدىم. ئەينى چاغدا، تام رەسىملىرى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان ھالەتتە بولۇپ، تاملاردىكى بېغىشلىمىلارنىڭ بەزىلىرىنى ئوقۇغىلى بولسىمۇ، تۇرغۇنلىرىنىڭ سۆز ياكى ھەرپلىرىنىڭ رەڭ - سىيالىرى ئۆچۈپ كەتكەچكە، ئوقۇغىلى ۋە مەنىسىنى يېشىپ بەرگىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئىكەن. بىراق، ئىبادەتخانا ئاساسىي سارىيىنىڭ پەلەمپەي يولىنىڭ ئېغىزىدىن تېپىلغان تام رەسىمى پارچىسى (ئېگىزلىكى 1.06، كەڭلىكى 0.87 مېتىر كېلىدۇ) ۋە ئۇنىڭدىكى تېۋىنغۇچى ئۇيغۇر خانى ھەم ئۇنىڭغا ئاتالغان بېغىشلىما بىلەن ئاساسىي سارايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى 5 - يان سارايى (بېرىلگەن نومۇرى 105 )نىڭ غەربىي تېمىدىكى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان، چوڭ دائىرىدىكى تام رەسىمى «مەككىز خانىنىڭ شەرىر بۇلۇشۇشى» ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگرەك سىزىلغان خان جەمەتىدىن بولغان بىر جۈپ ئەر - ئايال ئۇيغۇر تېۋىنغۇچىنىڭ رەسىمى ھەم ئۇلارغا ئاتالغان بېغىشلىما قاتارلىقلار يەنىلا كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ. ئالدىنقى تام رەسىمى پارچىسىدا ئوردا رەسىمى بار بولۇپ، ئوردا ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر جۈپ تېۋىنغۇچى بودساتۋا رەسىمى، ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئوردا تۈۋرۈكلىرى ئارىسىغا تۆت جۈپ تېۋىنغۇچى بودساتۋا رەسىمى سىزىلغان. ئوردا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا، بېشىغا ئالتۇن رەڭلىك، شاپتۇل شەكىللىك تاج كىيىپ، تاج بۇقۇچىنى ئېگىكى ئاستىدىن چەگكەن، قارا چاچلىق، دۈگىلەك يۈزلۈك، قوۋۇزلىرى چوڭراق كەلگەن، قويۇق قاراقاشلىق، كۆزلىرى كىچىك بىلقتەك، بۇرنى قاڭشالىق، بۇرۇت قويغان، ئۈستىگە دۈگىلەك ياقىلىق، تار يەڭلىك تون كەيگەن، قوللىرىنى كۆكسىگە توغرىلاپ، ئۇزۇن غوللۇق گۈل تۇتۇپ تۇرغان ئۇيغۇر خانىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە «كۈن، ئاي تەڭرىلەر ... تەگ ... ئىل ئۇتمىش ... ئارسلان بىلگە ... تەڭرىدەم ئىدۇق كۆركى بۇ ئەرۇر» (بۇ، كۈن، ئاي تەڭرىلەر ... دەك ... ئەل تۇتقان ... ئارسلان بىلگە ... نىڭ ئىلاھىي - مۇقەددەس رەسىمى) دېگەن خەتلەر تىك شەكىلدە ئۈچ قۇر قىلىپ يېزىلغان. كېيىنكى تام رەسىمىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، خانىنىڭ يۈرۈش قىلىش رەسىمى، جەنۇبىي قىسمىغا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش رەسىمى سىزىلغان. بىر جۈپ ئەر - ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ رەسىمى خانىنىڭ يۈرۈش قىلىش رەسىمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغ تىزمىلىرى رەسىمىنىڭ ئاستى تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن. ئەر تېۋىنغۇچىنىڭ رەسىمى ئايال تېۋىنغۇچى رەسىمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى 1.05 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلگەن شاپتۇل شەكىللىك تاجىنىڭ رامكا سىزىقچىلىرى قارامتۇل قىزىل رەڭدە، تاجىنىڭ جىيەكى تار، باشقا قوندۇرۇلىدىغان ئاساسىي گەۋدىسى مۇشتقا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە شاپتۇل شەكىللىك تاج بېزىكى سىزىلغان. تاج بېزىكىنىڭ ئېگىزلىكى 0.20 مېتىر بولۇپ، تېگى ئاچ سېرىق رەڭدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىم ئۆچۈپ كەتكەن. بۇ تېۋىنغۇچى دۈگىلەك يۈزلۈك، قوۋۇزلىرى چوڭراق، ئەگمە قاشلىق، كۆزلىرى كىچىك بىلقتەك، قاڭشالىق، شالاڭ ۋە قىسقا ساقال - بۇرۇتلۇق، قۇلاقلىرى چوڭ ۋە دۈگىلەك، ھالقا ئېسىۋالغان بولۇپ، ئۈستىگە دۈگىلەك ياقىلىق، تار يەڭلىك تېگى ئاچ سېرىق رەڭلىك، قىزىل ھالقا گۈللۈك تون كىيگەن. قوللىرىنى كۆكرىكىگە توغرىلاپ، ئۇزۇن غوللۇق گۈل تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە «بۇ تاي چاڭشى بار چوق توغرىل كۆركى بۇ ئەرۇر» (بۇ چوڭ دورغاب بارچۇق توغرىلنىڭ رەسىمى) دېگەن ئىككى قۇر خەت تىك شەكىلدە يېزىلغان. ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ قالدۇق رەسىمىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر بولۇپ، بېشىغا شاپتۇل شەكىللىك ئەنقا گۈللۈك تاج كىيگەن، ماڭلىيىدىن يېرىم ئاي شەكىللىك تاغاقنى بېزەك قىلىپ قىستۇرغان قارا چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، بېشىنىڭ ئىككى يېنىغا ئاستى - ئۈستى ئىككى قات قىلىپ، كېرىلگەن قانات شەكىلدە چىقىرىلغان چاچ تۈگۈنلىرىگە قىزىل گۈللۈك چاچ قىسقۇچلىرىنى قىسقان، قوشۇمىسى بىلەن ئىككى مەڭزىدىكى قىزىل ئەڭلىك ئورنىدا

بىرىلگەن رەڭگىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئۈستىگە ئېگىز ئاچ قىزىل رەڭلىك، قىزىل ھالقا گۈللۈك، قايرىما ياقىلىق، تار يەڭلىك تون كىيگەن، ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە توغرىلاپ، ئۇزۇن غوللۇق گۈل تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە «بۇ ئىنىنگەچ قىز تەگرىم كۆركى ئول» (بۇ، ئىنىنگەچ قىز تەگرىمنىڭ - مەلىكەمنىڭ رەسىمى) دېگەن خەتلەر ئىككى قۇر قىلىپ تىك شەكىلدە يېزىلغان. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئېيۇنغۇچىلار رەسىملىرىدىن بىز ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر بەزى پاكىتلارغىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى تولۇق قېزىلمىغان بولسىمۇ، 1979 - 1980 - يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان چەكلىك دائىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئۇيغۇر بۇددىزىم خارابىلىرىنىڭ تارقىلىش رايونىنى كېڭەيتتى، تۇرپاندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ شەكىل، تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ۋە ھەيكەل، تام رەسىملىرى ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى بەزى بوشلۇقلىرىنى تولدۇردى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادى، بۇددىزىم مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

**تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ قىسمىتى.** غوجا ئەخمەت يۈنۈس شۇ ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ئىلىدىكى قەدىمكى مازارلارنىڭ بىرى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329 — 1363) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ 2 - خانى بولۇپ، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئىرەن قابىرغا دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن، 18 يېشىدا خان بولغان. ئۇ ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇنجى موڭغۇل خانى بولۇپ، ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 160 مىڭ موڭغۇل مۇسۇلمان بولغان. ئۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمىلىق شەھىرىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

تۇغلۇق تۆمۈر خان مازىرىنىڭ كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇ شىنجاڭ بويىچە ئۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىندىغان ئاسار - ئەتىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كونا قورغاس ناھىيە بازىرى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 4 - شى 61 - تۇەن - مەيدانى) دىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ مازار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. بۇ مازارنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 60 مېتىرچە كېلىدۇ، مازارنىڭ ئاستى تىك تۆت تەرەپلىك، يۇقىرىسى ئېگىز مۇناردىن ئىبارەت. مازار قۇرۇلۇشىغا خۇمداندا پىشۇرۇلغان يېشىل رەڭلىك نەپىس ساپال كاھىشلار ئىشلىتىلگەن، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن 12 خىل نەققاشچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلغان. قەبرە ئۈيگە كىرىدىغان تۆت كىچىك ئىشىك ئارقىلىق پەلەمپەي ئارقىلىق 2 - قەۋەتكە ۋە مازار ئۈستىدىكى ئوچۇق مۇنىغا چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەز شەكلىدىكى بۇ مازارغا بىر تالمۇ لىم ياكى تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن. مازارنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىلغان بولۇپ، ئىشىك بېشىغا ئەرەبچە خەت يېزىلغان.

تۇغلۇق تۆمۈر خان مازىرى توغرىسىدىكى بىر نەچچە جەھەتتىن تارىخىي قىممەتكە ئىگە: بىرىنچى، بۇ مازار ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئىسپاتلاشتا بولىدىغان مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدە ئالمىلىق شەھىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ يەردە تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ مازىرى ۋە بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ باشقا خارابىلىرى بار» (خەنزۇچە نەشرى 2 - قىسىم 309 - بەت). شۇڭا روسىيىلىك شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولد (1869 — 1930) «ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە دوكلاتى» دېگەن ئەسىرىدە «تۇغلۇق تۆمۈر قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى بىزنىڭ ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم» دەپ يازغان ئىدى («بارتولد ئەسەرلىرى» 4 - توم 80 - بەتكە قاراڭ)، ئىككىنچى، مازارنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېزىلغان مازارنىڭ ياسالغان ۋاقتى توغرىسىدىكى يېزىقلار بىزنى تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىشەنچلىك

ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» دە تۇغلۇق تۆمۈر خان مازىرى ۋە ئۇنىڭ ياسالغان ۋاقتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى ئېگىز ھەم كۆركەم بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ»، «ئېسىمدە قېلىشىچە، گۈمبەزنىڭ يۇقىرىسىغا يېزىلغان يىل 760 نەچچىنچى يىلى» (2 - قىسىم 310 - بەت). بۇ، بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، تۇغلۇق تۆمۈر خان ھىجرىيە 764 - يىلى (مىلادى 1363 - يىلى) ۋاپات بولدى، دېگەن يەكۈننى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى، تۇغلۇق تۆمۈر خان مازىرىنىڭ مازار قۇرۇلۇشى — ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ۋە مېمارچىلىقىنىڭ 14 - ئەسىردىكى ئىلىدىكى نامايەندىسى. بۇ مازارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەنئەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مازار ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى ھەم ئىسلام دىنىي سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

**رەڭدار ياغاچ ئات.** ئاپتور قەسەن جەملە شۇناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا مىلادىي 273 -، 772 - يىللىرىغا تەۋە بولغان 400 دىن ئارتۇق قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار 1964 - يىلى ئۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغاندا بىر قىسىم قەبرىلەردىن مېيىتكە ئاتاپ ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە قويۇلغان ياغاچتىن ياسالغان رەڭدار ئات تېپىلغان. بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلماقچى بولغان رەڭدار ياغاچ ئات (قورچاق) نىڭ ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاستانەدىكى 22 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇ ئاتنىڭ بېشى، بويىنى، بەدىنى، پۇتلىرى، ياپلىقى، قۇيرۇقى ۋە ئىگەر - توقۇملىرى ياغاچ بىلەن ئايرىم - ئايرىم ياسىلىپ، ئاندىن قۇرۇلمىلىرىنى كىرىشتۈرۈش ۋە يار يېلىم بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق پۈتتۈرۈلگەن، ئاندىن قىزىل، قارا، يېشىل رەڭلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم بېزەلگەن. ئۇنىڭغا سالغىلاپ تۇرغان «لاي توسقۇچ» — يوپۇق قارا رەڭدە بويالغان ۋە ئۈزەڭگۈسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئاتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى گەرچە ئانچە نەپىس ۋە توغرا بولمىسىمۇ، ئاتنىڭ تەقى - تۇرقى يەنىلا جانلىق چىققان.

بۇ رەڭدار ياغاچ ئات ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تارىخ كۆرگەزمە زالىدا ئەتىۋارلىق بۇيۇملار قاتارىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا قېزىۋېلىنغان قورچاقلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياغاچ ياكى لايدىن ياسالغان بولۇپ، بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يەر ئاستىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ يادىكارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىكى ئىجادكارلىق تەپەككۇرلىرىنى نامايان قىلىدۇ، ياغاچ ئويما سەنئىتىگە خاس بۇ يادىكارلىقلار ئەينى زاماننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**شېي بىن ۋە ئۇنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابى.** غوجائەخمەت يۇنۇس شۇناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر تۈزۈلۈشىمۇ مۇرەككەپ، شۇڭلاشقا قاتناش شارائىتى ئازادلىقنىڭ ئالدىدىكىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭنى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئايلىنىپ چىققان ئادەم كۆپ ئەمەس. سەپەر داۋامىدا جايلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇپ، كىتاب يېزىپ چىققانلار تېخىمۇ كەم. مۇنداق ئىشنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭدا ئات - ئۇلاغ ۋە ئۇلاغ ھارۋىسىدىن باشقا قاتناش قورالى بولمىغان شارائىتتا شېي بىن ئىسىملىك بىر ئادەم قىلغان.

شېي بىن، ئەخەللۇسى شياۋجۇڭ بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېگياڭ دېگەن يېرىدىن. ئۇ خۇنەندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، 1916 - يىلى 8 - ئايدا خۇنەن دۇجۇن (گېنېرال - گۇبېرناتور) مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتقان شېي بىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ پەرمانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بويىچە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قىلغان 14 ئايلىق سەپىرى ئەنە شۇنداق باشلانغان. ئۇ 1916 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جاڭكىشادىن يولغا چىققان، 1917 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ بارغان. ئۇ بۇ سەپىرىدە جەمئىي 23 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ ئەنە شۇ سەپىرىنىڭ مەھسۇلى. شيې بىن شىنجاڭ تەۋەسىدە بولغان توققۇز ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 8337.5 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. شيې بىن شىنجاڭغا كەلگەن مەزگىلدە، شىنجاڭ تەۋەسىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇندىن 43 ى بار ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە 40 ى ناھىيە)، شيې بىن بۇنىڭ 38 ىگە بارغان.

شيې بىن بۇ قېتىمقى سەپەر ئەھۋالىنى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئۇدۇللۇق يېزىپ ماڭغان، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يىل، ئاي، كۈن، شۇ كۈندىلىك ھاۋا كىلىماتى، بارغان جاينىڭ نامى، مۇساپىسى، جايلاشقان ئورنى، يەر شەكلى، ئاھالىسى، مىللەت تەركىبى، تارىخى ئەھۋالى، بايلىق مەنبەسى، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مالىيە ئەھۋالى، ئىقتىسادى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، يەر نامىنىڭ مەنىسى، تىل ئايرىمىسى، شۇ يەردىكى ئۆي - ئىمارەت، سېپىل، ساراي، ئىبادەتخانىلار، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن ئەھۋالى، ھاۋا رايى، خەلق تۇرمۇشى، بېسىپ ئۆتۈلگەن قارلىق چوققا، ئوتلاق، قۇملۇق، بوستانلىق قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان. شەھەر، بازار، راباتلارلا ئەمەس، يول بويىدىكى مەھەللە، قورۇق قاتارلىق ئۆتۈشتاق ئورۇنلارغىمۇ خاتىرىدىن ئورۇن بېرىلگەن.

شيې بىن شىنجاڭغا كەلگەندە، ئالتاي شىنجاڭغا قارىماي مەركەزگە قارايتتى، شۇڭا ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسى ئاساسىدا كىتاب يېزىشقا كىرىشكەندە، بۇ كىتابقا «شىنجاڭ، ئالتايغا ساياھەت» دەپ ماۋزۇ قويغان. كىتاب نەشر قىلىنىدىغان چاغدا، ئالتاي شىنجاڭغا قاراشلىق ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن كىتاب نامى «شىنجاڭغا ساياھەت» كە ئۆزگەرتىلگەن.

شيې بىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى دەسلەپ (ئىقتىم مەسىلىلىرى يېڭى گېزىتى» گە تولۇق تېكىستى بىلەن ئۇلاپ بېسىلغان، كېيىن «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»، «شاڭخەي كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار كۆچۈرۈپ باسقان. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1920 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يازغان كىرىش سۆزىدە شيې بىننىڭ بۇ كىتابىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. شيې بىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى 1923 - يىلى 4 - ئايدا شاڭخەي جۇڭخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب 1936 - يىلى 4 - ئايغىچە بولغان 13 يىل ئىچىدە توققۇز قېتىم قايتا نەشر قىلىنغان. كىتاب جەمئىي 20 بابقا بۆلۈنگەن، ھەجمى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 320 مىڭ خەتتىن ئارتۇق.

بۇ كىتابتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋاللار دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، قىلىنغان مۇھاكىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى غەربىي يۇرتقا قىلىنغان باشقا ساياھەت خاتىرىلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. كىتابتا بايان قىلىنغان شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ۋە جايلارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ كىتابتىن بىر نەچچە ئۈزۈندە ئېلىپ ئۆتەيلى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەلقى 2 مىليوندىن ئوشۇق، خەنزۇلار ئاران 20 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇرلار ئوندىن يەتتە قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، خەنزۇچە كىتاب ئوقۇمايدۇ. شۇڭا مەھكىمە ئېلانلىرى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا تەڭ چىقىرىلىدۇ» (50 - بەت). «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ ئوندىن يەتتە، سەككىز قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇلار ئوندىن ئىككى ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ» (232 - بەت). قەشقەر كونا شەھەردىكى «ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىچىدە ئەڭ بايلىرى ھۈسەن باي بىلەن ئۆمەر باي بولۇپ، دەسمايىسى بىر نەچچە مىليون.» «ئۆمەر باينىڭ پاختا زاۋۇتىنى كۆردۇق. كۆلىمى خېلى چوڭ بولۇپ، تۆت ماشىنىسى بار ئىكەن (ھازىر ئىككى ماشىنىسى ئىشلىتىلمەيتتى)، ماشىنىلار سۇ كۈچى بىلەن ماڭىدىكەن، ھەر بىر ماشىنا كۈنىگە 12 مىڭ جىڭ پاختا تازىلايدىكەن» (140 -، 143 - بەتلەر).

يەكەندە «سەرەڭگە ياساش شىركىتىنى كۆردۇق. شىركەتنى پەيزاۋاتلىق تاش ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قۇرغانىكەن، جەمئىي پاي سوممىسى 50 مىڭ سەر كۈمۈش ئىكەن. تېخنىكى گېرمان بولۇپ، ھەممە ھوقۇق شۇنىڭ قولىدا ئىكەن ...» (161 ـ بەت).

«خوتەننىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت تەرەققىياتى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى: 1. كىگىز، گىلەم، بۇنىڭ ئىچىدە گىلەم ھەممىدىن ئېسىل بولۇپ، گىلەم يىپەكتىن ۋە يۇڭدىن توقۇلىدۇ. بۇلارنى ئۇيغۇرلار قول بىلەن توقۇيدۇ، توقۇلۇشى بەكمۇ نەپىس ۋە كۆركەم ... 2. شايى، ... 3. قەغەز ...» (172 ـ بەت). كورلىدىكى «مۇداپىئە مەھكىمىسى يېنىدا تەسىس قىلىنغان مەكتەپنى كۆردۇق. دەرسخانىسى ناھايىتى چوڭ ئىكەن، 180 ـ 190 ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن، بۇنىڭ بەشتىن ئىككىسى مانجۇ ئوقۇغۇچى، ئۈچتىن بىرى قازاق ئوقۇغۇچى، بەشتىن بىرى خەنزۇ ئوقۇغۇچى، ئون نەچچىسى موڭغۇل ئوقۇغۇچى ئىكەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى يوق ئىكەن» (87 ـ بەت).

تارىخىي چەكلىمە ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كىتاب بەزى خاتا كۆز قاراشلاردىن خالىي بولالمىغان. بۇنى بۇ كىتابنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىگە مۇقەددىمە ھېسابىدا قوشۇپ بېرىلگەن ماقالىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ: «شېي بىن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئۇقمايتتى، ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرى، ئاساسەن، شۇ يەردىكى خەنزۇلار تونۇشتۇرغان ئەھۋاللار ئىدى، سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسى، نېمىنى دەپ نېمىنى دېمەسلىكى، كۆپ ھاللاردا ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ... شېي بىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە تولىمۇ قىزىقاتتى، ئاڭلىغىنىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالغان، بۇنىڭدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى ئەھۋاللارنىڭ خاتىرىلىنىپ قېلىنىشىدىن خالىي بولۇش قىيىن» (مۇقەددىمە 10 ـ بەت).

شېي بىن 1922 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىشى بويىچە يۈننەنگە بېرىپ مالىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ۋە «يۈننەنگە ساياھەت» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. شېي بىن 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسى نەپەقە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىككى ساياھەت خاتىرىسىدىن سىرت، «مىنگو ھۆكۈمەت ـ پارتىيە تارىخى»، «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دىپلوماتىيە» قاتارلىق كىتابلىرى بار. شېي بىننىڭ ئىسمى 1931 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «زامانىمىزدىكى جۇڭگولۇق مەشھۇر كىشىلەر» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا ۋاپات بولغان.

**«تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى.** ئابلىز ئورخۇن شۇ ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى مىرزا مەخمۇت ھەيدەرنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» يېزىلىپ ئۈچ ئەسىردىن كېيىن يەنى 1895 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىنغان ۋە 1898 ـ، 1972 ـ يىللىرى قايتا تولۇقلاش، تۈزىتىش، ئىزاھلاش ئاساسىدا 2 ـ، 3 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان. گېرمان، فرانسۇز، رۇس ئالىملىرىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، 1983 ـ يىلى ئېلىمىزدە بۇ ئەسەرنىڭ مۇكەممەل خەنزۇچە نۇسخىسى تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغانغا قەدەر ياۋروپادا مۇكەممەل تەرجىمە نەشرى يوق ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى تېخى كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان تارىخچى مىرزا ھەيدەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان نامىغا بېغىشلىغان بۇ ئەسىرىنى كەشمىردە پارس تىلىدا يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم.

مەشھۇر تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر «تارىخىي رەشىدى» 1751 ـ يىلى نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



تەرجىمە قىلىندى دەپ يازسا، «ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە «مۇھەممەد سادىق قەشقەرى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىنى مىلادى 1749 ـ ۋە 1750 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان» دېيىلىدۇ. مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئالىم، شائىر، تارىخچى ۋە تەرجىمان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى (1725 — 1849) نىڭ ئۆز ئۆمرىدە «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (خوجىلار تەزكىرىسى)، «زۇبدەتۇلماسائىل» (تاللانغان مەسىلىلەر)، «تەزكىرەئىي ئەسھابۇلكەھف» (ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى)، «تارىخى ئىسكەندەر ۋە تاجنامەئىي شاھى» (ئىسكەندەر تارىخى ۋە شاھلىق تاجى). «ئادەبۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى)، «قىياپەتۇلبەشەر» (ئىنساننىڭ قىياپەت ـ تۇرقى)، «رىسالەئى كەسپدار» (كەسپدارلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپە ئەسەرلەرنى يازغاندىن سىرت، تەبەرىينىڭ «تارىخى تەبەرى» ۋە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» سىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، «تارىخى رەشىدى» نىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئىلىم ئەھلىگە ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم ۋ.ۋ. بارتولدمۇ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ 18 ـ ئەسىردە «تارىخى رەشىدى» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

دېمەك، يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ 1750 ـ يىللار ئەتراپىدا يەنى ئۇ ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەندە «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىككىنچى قىسىملىق ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى مەيدانغا چىقارغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ دەل «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مەخمۇت ھەيدەر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 300 يىللىق قۇتلۇق خاتىرە يىلىغا توغرا كەلگەن ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ تەرجىمىسى بارلىققا كېلىپ ئاز كەم 100 يىلدىن كېيىن يەنى مىلادى 1847 ـ يىلى ئۇنىڭ زاماندىشى بولغان مەشھۇر ئەدىب، تارىخچى، ئالىم ۋە تەرجىمان مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندى تەرىپىدىن «تارىخى رەشىدى» ئۈچىنچى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» دە مۇنداق دەيدۇ: «موللا مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم «تارىخى رەشىدى»نى بۇ ۋاڭ بېگىم (مۇھەممەت ئەزىز بەگ) نىڭ نامىغا بىغەشلاپ تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تۈرگۈن لەقەب ۋە سۈپەتلەرنى بايان قىلىپتۇ». ئەپسۇسكى، موللا نىياز ياركەندىنىڭ تەرجىمىسى بارلىققا كېلىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، 1860 ـ يىللار ئەتراپىدا ئەنگلىيىلىك خرىستىيان دىنى تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ قېتىم ئېلىپ كېتىلگەن ئىككى خىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ تەرجىمىسى ئىدى. بۇلارنىڭ بىرسى ئاساسەن تولۇق، يەنە بىرسى شۇ ئىككىنچى تومىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى كېيىن خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىغا ھەدىيە قىلغان. ئەنگلىيە ئالىمى دېنىسون روس «تارىخى رەشىدى» نىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان پارسچە نۇسخىسى ئاساسىدا ئۇنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، خرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى ھەدىيە قىلغان ئۇيغۇرچە ئىككى قول يازمىدىنمۇ پايدىلانغان. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەندە ئەسلى پارسچە نۇسخىدا مەنىسى ئېنىق بولمىغان مەزمۇنلار، پەرقلەندۈرۈش ۋە ئوقۇش قىيىن بولغان يەر ناملىرى ۋە قەبىلە، قەۋملەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىقلاشتا بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە قول يازما ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شەرقشۇناس ئېلىئاس ئەپەندى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزى («تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە 1 ـ توم 14 ـ بەت) دە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تۈركىي (ئۇيغۇر) چە تەرجىمىنىڭ تەرجىمانى ناھايىتى دانىشمەن بىر شەخس ئىكەنكى، ئۇ ئاپتور تىلغا ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ چىقىش ئۈچۈن، ئەسلى كىتابنى ئالدىن ناھايىتى پىششىق ئوقۇپ چىققان ھەمدە ئەسەرنى نوقۇل تەرجىمە قىلماستىن، بەلكى زۆرۈر جايلارنى شەرھلەپ كېڭەيتىش ئاساسىدا راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە توغرا تەرجىمە قىلىپ چىققان. تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان ئەللەردىكى يەر ناملىرىنى سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى ئارقىلىق شۇنچىلىك ئېنىق ئىپادىلىگەنكى، بۇ

جايلارنى ھەرقانداق بىر ئادەم خەرىتىگە بىر قاراپلا تېپىۋالالايدۇ. زامانىمىزدىكى ياۋروپالىق كىتابخانىلار ئۈچۈن بۇنداق ئوقۇشلۇق خىزمەتنى قىلالايدىغان ئاسپالىق تەرجىمان ۋە كاتىپلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ نامسىز ئالىم قول يازمىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۆز نامىنى تىلغا ئالمىغان، پەقەت، قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا «كەمىنە بۇ كىتابنى ھىجرى 1263 ـ يىلى جۇمادىيەل ئاخىرىنىڭ 22 ـ كۈنى خوتەندە تامام قىلدىم» دېگەن بىر قۇر سۆزنىلا قالدۇرۇپ كەتكەن. دېمەك، تەرجىمانىنىڭ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋاقتى مىلادى 1847 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزاقتىن بۇيان، نامەلۇم ئاپتور قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان، بۇ ئۇيغۇرچە قول يازمىنىڭ تەرجىمانى دەل موللا مۇسا سايرامى تىلغا ئالغان موللا نىياز ياركەندىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەسەرنىڭ خوتەندە تەرجىمە قىلىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك. بۇ ھەقتە تارىخچى ئىمام ئەلى قۇندۇزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مەنزۇمە» (شىبىرىي يىلنامە) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «مۇھەممەد نىياز ئاخۇن ياركەندى مەزكۇر دىيارنىڭ پېشقەدەم ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ تەقدىرنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىدىن قېچىپ خوتەندە ياشىدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ ئاكىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى، ۋاپاتى 1270 ـ يىلى». بۇ مىلادى 1854 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىمى ھېسابلانغان مۇھەممەت نىياز ئاخۇن ياركەندى «تارىخىي رەشىدى» نى ئۆز ۋاپاتىدىن يەتتە يىل ئىلگىرى يەنى 1847 ـ يىلى خوتەندىكى سەرگەردانلىق ھاياتى مەزگىلىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موللانىياز ياركەندىنىڭ مىلادى 1790 ـ يىلى «تەزكىرەئىي زەھمۇللا» ناملىق يەنە بىر تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم.

بىراق، (تارىخىي رەشىدى» نىڭ يۇقىرىقى ئىككى خىل تەرجىمىسى بارلىققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياۋروپالىق سەيياھلار ۋە دىن تارقاتقۇچىلار تەرىپىدىن شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلدى. 1858 ـ 1859 ـ يىللاردا شىنجاڭغا كەلگەن قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ ئۆزىنىڭ «جۇڭغارىيە ئوچېركلىرى» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدە، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسىيا مۇزېيىدا «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە تولۇقسىز بىر تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئەسەر دەسلەپ ئۆز دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق تىللارنىڭ بىرى ـ پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن تېز ئارىدىلا قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان. شۇڭا، ھازىر «تارىخىي رەشىدى» نىڭ پارسچە قوليازمىلىرى شىنجاڭ، تاشكەنت، پېتربۇرگ، موسكۋا، لوندون، دۇشەنبە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت، شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

**ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى.** تۇرسۇن لىتىپ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بىرقەدەر ئوبيېكتىپ قاراشقا كەلگەن ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىمىزنى تونۇشتۇرغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخىي — ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى خېلى بۇرۇنلا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاچقا، دۇنيا كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى — «12 مۇقام» دەك مۇكەممەل مۇزىكىلىق قامۇس مەيدانغا كەلگەن. «سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، 6 ـ ئەسىردە قەدىمكى كۇچا، قەشقەر، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلاردا 20 كىشىلىك مۇزىكا ئوركېستىرى بولۇپ، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خىللىرى 16 گە يەتكەن. بۇ چالغۇلار «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەرق، غەربكە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. شۇڭا، ئۇيغۇر چالغۇلىرى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى جەھەتتە دۇنيا كلاسسىك مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونى دۇنيا بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، ئەترابقا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، مۇزىكىچىلىقمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالغان.

www.uyghurkitap.com



ئىسلامىيەت دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت، بولۇپمۇ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، تىياتىرچىلىق چەكلەنگەن. مۇزىكا ۋە نەققاشلىق سەنئىتىلا ساقلاپ قېلىنغاچقا، «12 مۇقام» دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەن، قالغان بايلىقلىرىمىز يوقالغان. 17 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئابدۇرىشىت خان زامانىسىدا قايتا گۈزەللەنگەن شىنجاڭ مەدەنىيىتى مۇتەئەسسىپ ھۆكۈمران ئاپئاق غوجىنىڭ مۇستەبىتلىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. نەتىجىدە، تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىمىز ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ماتېرىياللار يوقىلىپ كېتىپ، ناھايىتى ئاز قىسمىلا بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا تېخنىكىلىق ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ خۇشتار قاتارلىق بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەتىراپلىق ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولدى.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپ، بىر خىل ئىپتىدائىي سەنئەت تۈيغۇسى (فورمىسى) شەكىللەنگەن، ئادەم ئاۋۇشىنىڭ مۇڭلۇق تۈسىگە تەقلىد قىلىنىپ، تەبىئەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى بەزى ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. ئۇيما ياكى سىلىندىرسىمان ياغاچلارنىڭ يۈزىگە تېرە تارتىش ئارقىلىق ياسالدىغان دۇمباق تىپىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى كېيىنكى ۋاقىتتا يۈزىگە تۈچەيدىن ئىشلەنگەن تارا تارتىش ئارقىلىق ئاۋاز سۈپىتى ياخشىلانغان ھەمدە بىر تارلىقتىن كۆپ تارلىققا، چېكىپ چېلىشتىن كامالچە بىلەن سۈركەپ چېلىشقا راۋاجلانغان. قىسقىسى، بارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر - بىرىگە باغلانغان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن ھالدا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ راۋاجلىنىپ، تۈرلۈك تارماقلارغا بۆلۈنگەن. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، سۈپەت جەھەتتىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىنىپ بۈگۈنكىدەك خىلمۇ خىل شەكىلدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈزۈلۈشى ۋە چېلىنىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، يەللىك چالغۇ ئەسۋابلىرى، كامالچە بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى، چەكمە چالغۇ ئەسۋابلىرى، سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

يەللىك چالغۇ ئەسۋابلىرى

يەللىك چالغۇ ئەسۋابلىرى چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە تۆپىكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ۋە ئېغىز شەكلى ئارقىلىق ئاۋاز كۈچى، ئاھاڭلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارنى كونترول قىلىدىغان، ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلارنى كۆرسىتىدۇ.

1. نەي

نەي ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 - ئەسىردە) مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان جياڭلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان. ئەڭ قەدىمكى نەي ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان ئىككى ۋە ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي ئىدى، ئۇنى ئون، تۈرك چارۋىچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش قورالى (مال ھەيدەيدىغان قامچىنىڭ دەستىسى) ۋە چالغۇ ئەسۋابى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا نەي قومۇشتىن ياسىلىپ، «يالغۇزەك» ۋە «بورىيا» دەپ ئاتالغان. ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان نەي بامبۇك ۋە مېتالدىن ياسىلىدۇ. نەي كېيىنكى دەۋرلەردە ئالتە ۋە يەتتە تۆشۈكلۈك قىلىپ ياسىلىدىغان بولغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 -، 4 - ئەسىرلەردە شەرق ۋە غەربكە تارقىلىشقا باشلىغان. خوتەنلىك تارىخشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزنىنىڭ 1854-يىلى يازغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخىي) دېگەن كىتابىدا نەي «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 - ئەسىردە ئۆتكەن جەمشىت پادىشاھنىڭ خانىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان» دەپ رىۋايەت

قىلىنغان. يەنە بىر خىل ئېيتىشقا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 4 ـ 5 مىڭ يىل ئىلگىرى كۇئىنلۇن تېغى ئېتىكىدە (خوتەن رايونىدا) ياشىغان ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىگە تەۋە «مەغرىپخان ئانا» (شۇئاڭمۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندا سوۋغات ئۈچۈن قاشتېشىدىن ياسالغان ئۈچ تال نەي ئالغاچ بارغان. «جىن سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە جاڭ چيەن «غەربىي يۇرتتىن چاڭئەنگە نەي، بۇرغا ۋە مۇقەددۇر نەغمىسى كۈيىنى ئالغاچ بارغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ توققۇز ساراي دېگەن يېرىدىن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت ئۈچ تۆشۈكلۈك بىر دانە سۆڭەك نەي قېزىۋېلىنغان.

نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى. ھەر خىل بولۇپ، سۆڭەكتىن ياسالغانلىرى 20 سانتىمېتىر، قومۇشتىن ياسالغانلىرى 40 — 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. نەي يانتۇ تۇتۇپ، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان (بەزىلىرى تىك تۇتۇپ، بىر ئۇچىدىن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان)، ئۈستىدە ئۇرغۇن ئاۋاز تۆشۈكچىلىرى بار چالغۇ ئەسۋابى. بارماقلا بىلەن ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى تولۇق ۋە يېرىم ئېتىپ، خىلمۇ خىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاھاڭلارنى چالغىلى بولىدۇ. ھازىر بەزى نەيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈنئىي ئۇلاش بوغۇمى قويۇلىدۇ، ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ ۋە كىرگۈزۈپ، ئاھاڭ ئېگىزلىكىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدۇ. نەي ئاۋازى يۇقىرى، جاراڭلىق، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ، ئاۋاز تۈسى موڭلۇق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئۇ كۆپ ھاللاردا يالغۇز چېلىنىدۇ.

## 2. قالۇن

قالۇن — قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بىرى. «تەۋارىخي مۇسىقيۇن» دا «قالۇننى فارابى ياسىغان» دېيىلگەن. فارابىنىڭ «مۇزىكا رىسالىسى» دىمۇ «قالۇننىڭ 45 تارىسى بار ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. قالۇن 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ شەرق ۋە غەربتىكى ئۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقالغان. قالۇننىڭ تارى كېيىن 70 نەچچىگە كۆپەيتىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى ئۇنى «72 تارلىق بەرىباب» دەپمۇ ئاتىغان.

تۈركلەرنىڭ شەرققە كۆچۈشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قالۇن ئۇرغۇن دۆلەتلەردە ئومۇملاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دولان رايونىدا قالۇننىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ دولان مۇقامىنىڭ مۇھىم تەڭكەش قىلغۇچى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. قالۇن قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىدا بىر مەزگىل گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، تارىخىي ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئورنىنى قالۇننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى چاڭ ئىگىلىگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ بويىچە خوتەن ۋە مەكىت رايونلىرىدا سۇلايمان ئاخۇن قاتارلىق بىر نەچچىلا قالۇن ئۇستىلىرى قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا قالۇن قۇتقۇزۇۋېلىنىدى، ھازىر ئۇ ئۇيغۇر ئوركېستىرى ئىچىدە مۇھىم چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ قالدى.

قالۇن ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكس سادا ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ، ئالدى تار، كەينى كەڭرەك، سول تەرىپى ئەگرى، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۈز ياتقۇزۇلۇپ ئوڭ قولنىڭ باش، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن تارنى ئىلىپ، سول قولدا باسقۇچ ئارقىلىق تارنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ، بىر خىل پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

فارابى ئۆزى كەشىپ قىلغان قالۇننىڭ سېھرىيلىك ئاۋازىغا ئاساسەن، «100 يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان ھۇزۇرنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر» دېگەن. 16، 18 ۋە 24 تارلىق قالۇنلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈپ تارىسى بىر تەبىئىي ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تەبىئىي ئاۋاز باسقۇچلىرى رىتى بويىچە تىزىلىدۇ.

## 3. تەمبۇر

تەمبۇر قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىلىرىدىكى بەش تارلىق بەرباپتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. مىڭئۆي تاش

www.uyghurkitap.com



غارىلىرىدىكى، رەسىملەردىن تەمبۇرنىڭ بۇرۇن سېپى قىسقا ئىكەنلىكى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۇزۇن ساپ بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن خوتەنلىك مەشھۇر تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا مۇجىزى «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» دېگەن كىتابىدا دولان ۋادىسىدا ياشىغان خەزىزە ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىللار ئىلگىرى راۋاب ۋە تەمبۇرنى ئىجاد قىلىپ تارقاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا قوي، ئۆچكىنىڭ ئۈچىيىدىن تار ئېشىپ سالغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بۇلار بەرباپ، راۋاب ۋە تەمبۇرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي شەكىللىرى بولۇشى مۇمكىن.

تەمبۇر ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 سانتىمېتر، بېشى نەشپۈت شەكلىدە سوزۇنچاقىراق بولۇپ، يۈزى ۋە دەستىسى ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىپ، 30 دەك پەردە قويۇلۇپ، سىم تار سېلىنىپ ۋە بارماق ئۇچىغا سىم ناخۇل بېكىتىلىپ چېكىپ چېلىنىدۇ.

تەمبۇرنىڭ دەستىسى، بېشى قاتارلىق ئورۇنلارغا سۆڭەك ۋە سولياۋدىن گۈللۈك نەقىشلەر قويۇلىدۇ. تەمبۇر كۆپىنچە مۇقام ۋە مەشرەپلەردە يالغۇز ياكى باشقا چالغۇلارغا تەڭكەش قىلىنىدۇ. تەمبۇر ئىلى، ئاقسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك تارقالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەمبۇر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دەستىسى قىسقا، ئاۋازى ياڭراق بولغان يۇقىرى ئاۋازلىق تەمبۇرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل تەمبۇرنىڭ پەدىسىمۇ راۋابقا ئوخشاش 12 تەكشى ئاھاڭلار رېتى بويىچە تىزىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشقا ئەپچىل بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بىراق مۇڭى ۋە ساداسى جەھەتتە يەنىلا ئۇزۇن ساپلىق تەمبۇرگە يەتمەيدۇ.

4. دۇتار

دۇتار دېگەن سۆز قوش تارلىق (جۈپ تار) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە تارىخىي بىر قەدەر ئۇزاق، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان چالغۇ ئەسۋاب. «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئۇنى «15 ـ ئەسىردە ياشىغان خۇراسانلىق مەۋلانە ئەلى ئىجاد قىلغان» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە دۇتار 13 ـ ئەسىردىلا شىنجاڭدا ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدا مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدە يازما مەلۇمات قالدۇرۇلغان («ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» 1825 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم).

تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، گەرچە «دۇتار» دېگەن سۆز پارسچە ئاتالغۇ بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن باشقا مىللەتلەردە بۇنداق ئىككى تارلىق چالغۇ بولمىغان. دېمەك، دۇتار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى پارسچە نام بىلەن ئاتىغان.

دۇتار ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، كىرىچتىن 15 دانە پەدە باغلىنىدۇ. ئىككى تال ئۈجمە ياكى يىپەكتىن ئىشلەنگەن (بىرى زىل يەنە بىرى بوم) تار سېلىنىپ، بارماق بىلەن بىۋاستە چېكىپ چېلىنىدۇ. ئاۋازى موڭلۇق، ئۇزى چېلىپ، ئۇزى ناخشا ئېيتىشقا قولايلىق، شۇڭا كۆپىنچە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىللە ۋە ياكى يالغۇز ئورۇندىلىدۇ. بىراق ئاۋاز كۈچى بوش بولۇشتەك ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئادەتتىكى كىچىك سورۇنلاردىن باشقا، كاتتا ئىجتىمائىي سورۇنلاردا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**سەنئەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.** يۈسۈپ كېرەم شۇ ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: سەنئەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن سەنئەت ئىجادىيىتىدە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇلمەس رىشتە. ئۇ ئاساسەن مۇزىكىلىق سىزىم ئاساسىدا شەكىللەنگەن

بولۇپ، مۇنداق مۇزىكىلىق سېزىم بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر خىل ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇ ئانا تىل ئاساسىدىكى مۇزىكىلىق سېزىم بولىدۇ، مەسىلەن، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ھەرقانداق بىر كىشى ھەرقانداق بىر مۇزىكىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. مانا بۇ بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. بىر مىللەتنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسى شۇ مىللەت سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسى ئانا تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، تىل ئوقۇشمايدىغان مىللەتلەرمۇ مەلۇم دائىرىدە ئۆزئارا مۇزىكا ئالماشتۇرالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىنسانلارنىڭ تىلى ئوخشىمىغىنى بىلەن كۆڭلىكىسى ئوخشايدۇ، يەنى ئوخشايدۇ، مۇزىكا ئەنە شۇنداق ئوخشاشلىقلارنىڭمۇ لىرىكىلىق ئىنكاسى، شۇنداقلا ئۇ سېزىم جەھەتتە ئانا تىلنى نىسبىي ھالدا ۋاستە قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان لىرىك ھېسسىياتلىرىنىڭمۇ ئىنكاسى، شۇڭا ئۇ شەكىللىنىش جەھەتتىكى قويۇق مىللىي تۈس، مىللىي پۇراق ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق ھېسسىياتلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا سەنئەت مىراسلىرىمىزغا ھەم ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشىمىز لازىم. مۇبادا ۋارىسلىق قىلىشنىلا تەكىتلەپ، ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالىمىز، ئەجدادلارنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايمىز. ئەكسىچە ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مىللىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشتىن چەتنەپ، نوقۇل ھالدا دۇنياغا يۈزلىنىمىز دېسەك، «كەكلىكنى دورايمەن دەپ مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەندەك ئاقىۋەتكە قالىمىز.

ئىلگىرى بىز سەنئەت مىراسلىرىمىز ئاساسىدا كۆپلىگەن ناخشا، مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىگە تارقىلىپ ئومۇملاشقانلىرى كۆپ بولمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، سولچىل ئىدىيۋى لۇشيەن تۈپەيلى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان مەدھىيە ناخشىلىرى كۆپ بولدى، كۆپ ساندىكى ناخشا ـ مۇزىكىلار بەدىئىي جەھەتتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ مۇزىكا سېزىمى بىلەن ماسلىشالمىدى. نەتىجىدە ئۇ خىل ناخشىلار خەلق ئاممىسى سەھنە، رادىئودىن ئاڭلايدىغان ئەمما ئۆزى ئېيتالمايدىغان سەھنە ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ئۆتكەنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا خەلق ئاممىسى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئېڭىنىڭ ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئۇلار سەنئەت جەھەتتىكى يېڭىلىقنىمۇ ئاسان قوبۇل قىلالمىدى. .

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ سەنئەت پىسخىكىسىدا ياش پەرقى بويىچە بىر خىل پەلەمپەي شەكىللىك ھالەت شەكىللەندى. مۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ياشلارنىڭ سەنئەت جەھەتتە يېڭىلىققا ئىنتىلىش تەشنالىقى گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن: مەن 1988 ـ يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا قەشقەر شەھەرلىك «كوئىنلون ياشلار سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ ئورۇندىشىدىكى كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆردۈم. نومۇرلار مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، كۆرۈلۈشنىڭ كەيپىياتى باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى قىزغىن بولدى. ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار ئورۇندالغاندا 50 ياشتىن ھالقىغان ۋە ياشانغانلار قىزغىن چاۋاك چالدى، ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار بىلەن زامانىۋى روھ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغان نومۇرلار ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇللىرى، چەت ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئورۇندالغاندا ياشلارنىڭ چاۋاكلىرى ئۇززۇلمەي ياڭراپ تۇردى، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئوتتۇرىدا قالغانلار ئىكەن، ئۇلار ئالدىنقى ۋە كېيىنكى خىلدىكى كونسېرت نومۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالقىشلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ خىل ھالەت ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇميلىققا ئىگە.

بىر مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قاراش، سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپ قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى تامامەن شۇ مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا باغلىق دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتەلمەيمىز، بىراق پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش كىشىلەر قەلبىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى، نەتىجىدە چەت ئەللەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قىزىقىش ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ياشلار ئىچىدە چەتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، تولغىما ئۇسسۇللىرىغا قىزىقىش بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بىراق سەنئەت تۇيغۇسى جەھەتتە بىر خىل ئاڭسىزلارچە بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ» دېگەندەك، ئۇلار يەنىلا مىللىي ناخشا، ئۇسسۇل گۈلزارىمىزغا قايتىپ كەلدى. چەتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، تولغىما ئۇسسۇللىرىغا بولغان قىزىقىش ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي سەنئەت تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلەنمەسلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئۇلار مىللىي سەنئىتىمىز ئاساسىدىكى يېڭىچە سەنئەت شەكىللىرىنىڭ، ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۆتكۈر زىددىيەت مەۋجۇت. ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنى ئالساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ رىتىمى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى، تۇرمۇش رىتىمى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلار يېڭى، باشقىچە نەرسىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. نەتىجىدە رېئال تۇرمۇشىمىزدا دادىسى رادىئو چاستوتىسىنى مىللىي ناخشا ـ مۇزىكىلارغا توغرىلىسا، بالىسى چەت ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا توغرىلايدىغان، ئاتا ـ بالا چاستوتا تالىشىدىغان كومېدىيىلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى، ھازىرقى زامان مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغان مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. پەن ـ مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقىلار بارلىققا كەلتۈرگەن گۈزەل مۆجىزىلەر توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىك، مۇزىكىلىق تۇيغۇسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ياشلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە چەتنىڭ سەنئىتىگە قىزىقىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ھالەت مىللىي سەنئەت ئىجادىيىتىمىزگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: غالىپجان غوپۇر ئېلېكترونلۇق گىتار بىلەن ئورۇندىغان مۇقام مەرغۇللىرى ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتە، چەت ئەللىكنى مىللىي سەنئىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجادىيەتچىمىز كۈرەش رەجەپ ئىجاد قىلغان بىر تۈركۈم ئۇسسۇللاردا كونىچە تەقلىدىي تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاندى. ئىززەت ئېلياسنىڭ ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتىكى ماھارىتى ناخشا مەزمۇنى تەلەپ قىلغان ئوبرازنى يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۈلدۈرگە نومۇرلىرى كونا شەكىل ئارقىلىق يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەت بازىرىمىزنى لەرزىگە سالدى. ئەمما بۇ نەتىجىلەر سۈبھى ئاسمىنىدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلاردەك تولىمۇ ئاز، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ياشلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن خېلىلا يىراق. خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى يېڭىلانغانسېرى، سەنئەت پسىخىكىسىمۇ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بارىدۇ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان نەرسىنى تاپالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ، جۈملىدىن ياشلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى سەنئەت پسىخىكىسىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تاپالمايۋاتقان نەرسىسىنى تېپىپ بېرىش، ئۇلارغا «ئۇسسۇغاندا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش» كەسپىي سەنئەت تارماقلىرى ۋە كەسپىي سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

—تاھىر ئوسمان قاتارلىقلار تەييارلىدى

# مائارىپ ۋە تالانت

كورېيە «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى» قۇرۇپ ئۈنۈم قازاندى: بۇ دۆلەت 1986 - يىلدىن باشلاپ مۇشۇنداق مەكتەپ قۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، ھازىر بەلگىلىك نەتىجە قازانغان. ئۆتكەن يىلى كورېيىدە پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50 پىرسەنتى ئاشۇنداق «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ»لىرىدىن كەلگەن. بولۇپمۇ «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»نىڭ 2 - يىللىقىدىن ئىمتىھانغا قاتناشقان 294 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 271 نەپىرى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە ماتېماتىكا، ئىلىم - پەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ» ئوقۇغۇچىلىرى ئۆتۈپ چىققۇچىلارنىڭ 66.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

دۇنيا بويىچە پەن - تېخنىكىنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە كورېيىدە مۇنداق تالانتلارنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى ئىقتىسادنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1986 - يىلى مۇشۇنداق مەكتەپنىڭ بىرىنچىسىنى قۇرغان. ھازىر بۇنداق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئونغا يەتكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش يۆنىلىشى «ئىلىم - پەن ۋە ماتېماتىكىدا گەۋدىلىك ئىقتىدارى بار ئوقۇغۇچىلارنى مۇۋاپىق مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى ئەڭ زور چەكلىمىدە ئېچىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا تالانتلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت» ئىكەن.

ئۇلار «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىككى يول بىلەن تاللايدىكەن. بىرىنچىدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى تونۇشتۇرىدىكەن، بۇنىڭدا تونۇشتۇرۇلغان ئوقۇغۇچى جەزمەن شۇ مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۈچ ئوقۇغۇچى قاتارىدا بولۇش كېرەك ئىكەن؛ ئىككىنچىدىن، تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر پەندىن 90 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلىرى تاللىنىدىكەن. مۇشۇ ئىككى يول بىلەن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىملىق مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى بېرىدىكەن، بۇ قېتىملىق ئىمتىھان سوئاللىرىنى «پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى» چىقىرىدىكەن.

«پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتۇشى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئۆزىگە خاس تەرەپلەردە پەرقلىنىدىكەن: (1) تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن ئۆزۈنراق بولۇپلا قالماي، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ پەن - تېخنىكا تارىخىي ۋە ئېلېكترلىك ھېسابلاش ماشىنىسى ئوقۇتۇلىدىكەن؛ (2) تولۇقلاش دەرسلىكلىرى ئوتتۇلىدىكەن، بۇ دەرسلىكلەر ئامېرىكىنىڭ دەرسلىكلىرى ئىكەن؛ (3) تەجرىبە دەرسلىكلىرى بىر قەدەر كۆپ ئىكەن؛ (4) تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرسلىكلەر كۆپ ئىكەن.

«پەن - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن چوڭ پەرقى شۇ يەردىكى، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار مەركەز قىلىنىپ، تەجرىبە ئۆگىتىش قىلىنىدىكەن، ئوقۇتقۇچىلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە قائىدە، فورمۇلا، تېئورېمىلارنى چۈشەندۈرۈپلا توختايدىكەن، قالغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بېرىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلار بىر قەدەر ياخشى ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىر قەدەر ئۈستۈن سەۋىيىلىك ئىلمىي تەجرىبە تىل مەشقى ۋە ئېلېكترلىك ھېسابلاش مەشقى ئېلىپ بارىدىكەن.

پەن - تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمەن دېگۈدەك ئىرناقتا توختايدىغان باللار بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىشىگە كېپىللىك قىلىنمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىكەن.

## ئامېرىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان «كاپالەت بېرىش» تۈزۈمى:

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئامېرىكىدىكى بەزى شىركەتلەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بارغانسېرى كۆپلەپ تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن مەكتەپلەر «كاپالەت بېرىش» تۈزۈمى، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «سۈپىتى» ھەققىدە شىركەتلەرگە كاپالەت بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى يولغا قويغان.

بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندە دىپلوم بىلەن بىللە مەخسۇس ئىسپاتنامە ئېلىپ مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. بۇنداق ئىسپاتنامە ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئالغان شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنىڭ «لاياقەتسىز ماللار»نى قايتۇرۇۋېتىشىگە ئاساس بولغان.

شەكلەن قارىغاندا، بۇنداق كاپالەت بېرىش تۈزۈمى خۇددى بانكىنىڭ ئامانەت قەرز كارتىسىغا ئوخشاش بولۇپ، «بۇگۈنكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پۈتتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئەمگەك ھاياتىدا زۆرۈر بولغان پەزىلەت، بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ بولدى» دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك ئوقۇتۇش ۋاقتى 1 ـ، 3 ـ يىللىقچە ئايرىلىقتا ئىزاھلاپ قويۇلىدىكەن. بۇنداق ئىزاھاتلار ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ يېزىلىدىكەن.

ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مۇنداق كاپالەت بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە كۆڭۈل بۆلۈشى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتكە، مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان پوزىتسىيىسى ياخشىلانغان.

ناپالېئوننىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى كۆز قارىشى: ناپالېئون دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان مەشھۇر شەخس بولۇشتا ناھايىتى كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئادەم ئىشلىتىش كۆز قارىشى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، ئالدى بىلەن قېچىپ يۈرگۈچىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت جېرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پۇقرالار ئىچىدىن ئادەم تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر مۇنچە ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپدارلار تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەملەر، جەڭچىلەردىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسكەرلەرگە ئىلھام بېرىدىغان بىر ئېغىز سۆزى بار ئىكەن: «قوماندان بولۇشنى ئويلىمىغان جەڭچى، ياخشى جەڭچى ئەمەس». ئىككىنچىدىن، ئۇ ئادەمنىڭ تەكەممۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايدىكەن، ئېھتىياجغا قاراپ ئادەم تاللايدىكەن. مەسىلەن، ئۇ بىر ئۆلنى سەنئوجاكلىقىغا تاللىغاندا، «بىر ئۆل كەسكىن ئەمەس، قوماندانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ، لېكىن ئۇ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا ماھىر، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىغا پۇختا، ئىشنى ئەستايىدىل، پۇختا قىلىدۇ، مۇرەككەپ قىسىملارنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ» دېگەن. ئۈچىنچىدىن، ناپالېئون ئادەم ئىشلىتىشتە ئاداۋەت ساقلىمايدىكەن. بۇرۇن ئۆزىگە قارشى تۇرغان ياكى تەسلىم بولۇپ كەلگەن ئادەم بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى ھىمايە قىلسىلا، كونا خاماننى سورىماي مۇھىم ئىشلارغا قويۇۋېرىدىكەن.

«جۇڭگو تالانتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 11 ـ سانىدىن تۇرسۇن ئىمىن تەرجىمىسى

---

ھەممە نەرسە قولدىن كەتكەن تەقدىردىمۇ ئالدىڭدا تېخى كېلەچەك بار.

ك. باۋۋى

ھاياتنى سۆيەمسەن؟ سۆيسەڭ ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمە، چۈنكى ھايات ۋاقىتتىن تەشكىل تاپىدۇ.

ب. فرانكلىن

ئادەمنىڭ ھاياتى ئىچەلىگەن ۋاقىتقا قاراپ ئۆزىرىدۇ.

ف. كوللېر

# ئەگەر ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئەقلىم ئۆرغۈپ تۇرسۇن دېسىڭىز

سىز شۇنداق ئويلامسىز، ئەگەر شۇنداق ئويلىسىڭىز ئەقلىڭىز ياش جەھەتتىكى پەرقلەرى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىپ ئېلىڭ. چۈنكى، ئەقىل تەرەققىياتى بوۋاقلىقتىن باشلاپ قېرىغىچە تۈرلۈك باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ. بۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت تەپەككۇر جەھەتتىكى پەرقلەرگە قاراپ ئۆتەيلى:

بالىلارنىڭ بوۋاقلىق دەۋرىدىكى دەسلەپكى تەپەككۇرى ئۆزەن دەرىجىدىكى يىغىنچاقلاش خاراكتېرىدە بولۇپ، بۇنداق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئالايلۇق، ئەمدى تىلى چىققان باللار ئۆزىگە ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىق بولغان «نان» دېگەن سۆزنى قىلسىمۇ، تۇقاچ، ھەمەك، گىردە... قاتارلىق نان تۈرلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئېنىقى ئاتا - ئانىسى ئېلىپ بەرگەن قورچاقلارغا نان يېگۈزمەكچى بولۇشىدۇ. بۇنداق بولۇشى بوۋاقلارنىڭ تەپەككۇرى كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ئوبرازغا باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەت بولمىسا ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىمۇ بولمايدۇ. باللار ئۈچ ياشتىن ھالقىپ بەتتە ياشلارغا كىرگۈچە كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇر باسقۇچىدا بولىدۇ، يەنى بۇ چاغدا باللارنىڭ تەپەككۇرى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈنلەرنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىنىڭ شەكلىگە قاراپ (ئوبرازىغا قاراپ) ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، سان - سىفىرلار ئابستراكت ئۇقۇم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. باللارنىڭ بۇنداق سانلارنى بىلمەستىن 1 - 5 كىچە بولغان سانلارنى بارماقلىرى ياكى بىر نەچچە تال چوكا قاتارلىق كونكرېت نەرسە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. باللار يەتتە ياشتىن ئۆتۈپ 15 ياشلارغىچە بولغان ئارىلىقتا كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئابستراكت بولغان مەقسەتلىك تەپەككۇرغا يەنى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئۆتىدۇ. مانا مۇشۇنداق جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە باللارنىڭ تەپەككۇرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بولىدۇ.

ئوخشاش ياشتىكىلەرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتا بېسىپ ئۆتىدىغان تەپەككۇر باسقۇچلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بولىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقى توغرىسىدا ئۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولۇپ كەلگەن ئىدى. مۇشۇنداق جەرياندا كىشىلەر چوڭ مېڭە ئىش قابىلىيىتىنىڭ ياشقا قاراپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى مۇنداق تونۇپ كەلگەن ئىدى:

18 - 24 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ مېڭە ئىش قابىلىيىتى يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي زەئىپلىشىدۇ. بۇنداق زەئىپلىشىش ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۇرغۇن تەرەپلىرىنى، مەسىلەن، ئەستە ساقلاش، ئەستىن ئۆتۈش، يادىغا كەلتۈرۈش، ماتېماتىكىلىق ئەدىبىلاش، ئىجادچانلىق، سېزىمچانلىق ۋە لوغەت تەركىبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر بۇنداق قاراشقا قارشى كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى. پىروفېسسور مارك. روسنېر: ئەگەر بىز چوڭ مېڭىنى غىدىقلاش ئارقىلىق قوزغىتىدىغان بولساق، ھەر بىر مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ ئاكسىيونلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ ئۆسۈكچە ماددىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭە ئىچىدىكى باغلىنىش تورلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ، دەپ شەرھلىدى.

پەندىكى بۇ خىل كەشپىياتلاردىن باشقا تارىختا ئۆتكەن بەزى ئۇلۇغ ئەقىل چولپانلىرىنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە ناكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەقلىنىڭ چوڭىيىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئالايلۇق، بەزى ئالىملارنىڭ ئەقىل قابىلىيىتى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ زەئىپلەشمىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مىكىلئاند جىلۇ تاكى 80 ياشقا كىرگۈچە نەققاشچىلىق، رەسساملىق ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ گومېر قېرىپ ئەما بولۇپ قالغاندىمۇ داۋاملىق ئىجادىي پىكىردە بولغان. ھايدى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئۆرمۈشىدىكى ئەڭ گۈزەل مۇزىكا بابىنى يېزىپ چىققان، بىكاز 90 نەچچە ياشقا كىرگەندىمۇ رەسساملىق قەلىمىنى تاشلىمىغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن ئىبنى سىنا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىجاد قىلغان. ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى «شاھنامە»نى ياشانغاندا يېزىپ تۈگەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى 70 ياشلاردىن ئاشقاندا يېزىپ تۈگەتكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرىمىزمۇ ياشانغان كىشىلەردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئىچىدىمۇ مۇنداق مىساللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئىچىدىكى ياشانغانلار ھەمىشە «ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم» دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئاتاقنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم جەھەتتىكى ئىختىدارىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى كەشپىياتلارغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئازىيىش جەريانى بولۇپ، بۇنداق ئازىيىش ئادەمنىڭ ئەقلىنىڭ زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولىدۇ. چۈنكى مېڭىدە يېڭى باغلىنىش تورلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى كۆپىنچە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يوقىلىش سۈرئىتىدىن زور بولىدۇ. بىر ئادەم كۆزنىگە

10 مىڭ دانە مېگە ھۈجەيرىلىرىنى يوقاتسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن تارتىپ 80 ياشقا كىرگۈچە يوقاتقان ھۈجەيرە سانى ئومۇمىي ھۈجەيرە سانىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ يېشى چوڭايسىمۇ، ئەقلىنىڭ ئىتتىك زەئىپلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چوڭ مېگە خىزمىتىنى ئەبەت قانۇنىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ئېلىش ئۈچۈن ئادەم مېگىسىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىگە ئېسىلىۋالماستىن، ھەممىدىن ئاۋۋال چوڭ مېگىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە چوڭ مېگىنى قانداق چېنىقتۇرۇش جەھەتلەردە ئىزلىنىشىمىز كېرەك.

بىز چوڭ مېگىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇنى چېنىقتۇرۇش جەھەتتە ئىزلىنىدىغانلا بولساق، چوڭ مېگىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى تاكى ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئېچىپ، قېرىغاندىمۇ تېخىمۇ بەختلىك كۈنلەرنى كۆتۈۋالالايمىز. ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملىق مەرتىۋىسى ئەنە شۇ مېگىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى قېزىش يولىدا ئىزلەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ، خەلقىمىزنىڭ چىن مۇھەببىتى ئەنە شۇ يولدا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا باتۇرلۇق قىلغان كىشىلەرگە مەنسۇپ! مېگىدىكى ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىزلىنىش كەلگۈسى دۇنيادا ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. ھەر قانداق قەۋمنىڭ باتۇرلۇقى مانا مۇشۇ جەھەتتە بولغاندىلا ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە بىز نېمىس شائىرى ئۇلۇغ كيۇتىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئەسكە ئالايلى:

«مال - مۈلۈكۈڭنى يوقاتقان بولساڭ، ئازغىنا نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن. شان - شەرىپىنى يوقىتىپ قويغان بولساڭ، خېلى جىق نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن. باتۇرلۇقنى يوقاتقان بولساڭ، ھەممە نەرسەڭنى يوقاتقان بولىسەن.»

ئەقلىنىڭ ياش جەھەتتىكى پەرقىنى ئىتىراپ قىلىش ئاساسىدا، ياشانغاندا ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش يولىدا باتۇرلۇق قىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئەقلىنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئالىملار ياللىق دەۋرىنى ئەسلەشنى ۋە ياللىق دەۋرىدىكى شوخلۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەقلىنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلاشنىڭ بۇلىقى دەپ قارايدۇ. ئالىملارنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، بىز ئەقلىنىڭ باھارىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياللىق دەۋرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساق، ياللىرىمىزغا زەڭ قويۇپ بېقىپ، ئۆزىمىزنىڭ پىسخىكىمىزنى يېڭىلاشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقساق يامان كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئالىملارنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە سىزگە مۇنداق تەكلىپلەرنى بېرىمىز.

كۈلۈڭ. ساق باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۈلگۈنچەك كېلىدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ نەزەرىدىكى ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ تەبەسسۇم قىلىدۇ. بۇنداق تەبەسسۇملار «ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ» دەپ ناخشا توۋلاۋاتقانلارنىڭ شادلىق كۈلكىلىرى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئادەم پىسخىكىسىنى ئويغىتىش جەھەتتە خوش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ شادلىقىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ئاجايىپ قاتماللىق بىلەن ئەدەپلىك بولىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى ئۇتتۇۋالغان بولسىڭىز ياكى ئاۋى نازۇكلۇق قىلىپ ئاللىقانداق نەرسىلەرگە خاپا بولۇپ يۈرگەن بولسىڭىز، بۇنداق شادلىقتىن بەھرىمەن بولالمايسىز - دە، پىسخىكىڭىزدا قېرىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. جاھاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ راھەتلىرىدىن بولغان بۇ كۈلكىنى ئۇششاق ئىشلارغا ئۇچرۇتۇپ بېرىپ كۈتۈپ قالسىڭىز، چوڭراق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا تېخىمۇ پەرىشان بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ قېرىغىنىڭىز قېرىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلماي، ئۆزىڭىزنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئەركىن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىڭىزنى ياكى باللىق، ياشلىق چاغلىرىڭىزدىكى تازا كۈلكىلىك ئىشلارنى ئەسلەپ بىر كۈلۈۋالسىڭىز خېلى ئارام تېپىپ قالسىز. «ھەر كۈنى كۈلسەڭ ئون يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرسەن» دېگەن سۆزلەر بىكار ئېيتىلمىغان.

خىيالچان بولۇڭ: باللار ناھايىتى خىيالچان كېلىدۇ. ھەتتا سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە سىغمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ قورقماي تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇرنىڭ پايدىسىنى كۆرمىسىمۇ، بەنلا خىيال قىلىۋېرىدۇ. سىزمۇ خىيال سۈرۈپ باقسىڭىز بولىدىغۇ؟ كىچىك ۋاقتىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭا، بىر تال چۈنقىنى ئات قىلىپ مىنگەن ئىدىڭىز، لەگلەكلىرىڭىزنى ئايروپىلان ئورنىدا ئۇچۇرغان ئىدىڭىز. بىنالارغا سىمۇول قىلىپ قۇم لايدا چىم - چىم ئەتكەن ئىدىڭىز، ئەمدى نېمىشكە خىيال سۈرمەيسىز؟ خىيال بىلەن تولغان باللار دۇنياسى قىزىقارلىق بولۇپلا قالماستىن، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى ساغلام مەزمۇنلاردىن بىرى بولىدىغۇ؟ سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئەنە شۇنداق خىياللارغا ئاشنا بولۇپ، تۇختىماي تاپتاكلاشقا ئىلھام ئالغان ئىكەنسىز، ئەمدىكى بىلمىڭىز ئاساسىدا ئەنە شۇنداق خىيال سۈرگىنىڭىزدە ئەقلىڭىز ئۇرغۇيدۇ، ئىجادىي قابىلىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ قالىسىز، بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدا خىيال سۈرگەن ئىشلىرىڭىزدىن بىر مۇنچىنى ئويلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھازىرلا قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەل - پەل ئەمەلىيەتكىلىرىدىن بىر تۈرلۈكنى خىيال قىلىڭ ۋە ئىشلەپ كۆرۈڭ، بىر تۈرلۈكنى ئورۇنداپ بولۇپ، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان يەنە بىر تۈرلۈكنى ئىشلەشكە ئۆتۈڭ، مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋەرسىڭىز، باللىق

ۋاقتىڭىزدىكى شېرىن خىياللاردىن بىر مۇنچىسىنى رېئاللاشتۇرالايسىز ۋە نەتىجىمۇ قازىنالايسىز.

سىنچىلىك بولۇڭ: باللار ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا ھاياجانلىنىپ ئورناقلاپ كېتىدۇ ياكى ئاز - تولا قاراملىق قىلىدۇ، ئەمما بۇنداق ھاياجان ۋە قاراملىق چوڭلار تەرىپىدىن توسۇۋېتىلىدۇ، بىز ھەر قاچان باللارنى ئۇنىڭغا دىققەت قىل، بۇنىڭغا دىققەت قىل دەيمىز ۋە ئۇلاردىن ئۈرگۈن قالىدە - تەرتىپلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق قىلىشىمىز توغرا، ئەمما، چوڭلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى توغرا بولغان بىلەن باللارنىڭ پسىخىكىسىدا بىر خىل قورقۇش پەيدا قىلىپ، ئۇلاردىكى تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە بولغان بىلىش ئەشتىياقىنى ۋە ھەيرانلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە ھەر ئىشنى ئېھتىياتلىق بىلەن قىلىدىغان، سىزىقتىن چىقمايدىغان تەلەپنى قويالىساق، ئۇنداقتا بىزمۇ ئىجادكارلىق بابىدىن ئورۇن ئالالمايمىز. دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ۋە ئەخلاقىي ئەرتىپلىرىگە يۈكسەك رىئايە قىلىش زۆرۈر. ئەمما مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىش قىلغاندا قانۇن - پەرمان، ئەخلاق - پەزىلەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەي دادىل بولۇشىمۇ زۆرۈر.

ئويغۇنلۇشۇڭ: بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى بىلەن ماسلىشالمايدىغان يەرلىرىنى بىلمىگەچكە ھېچنېمىدىن خاپا بولمايدۇ ۋە ھېچنېمىگە نارازى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ چوڭ بولۇپ ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بولسا، دۇنيانىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەرلىرىگە نارازى بولۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاۋا رايىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئالايلۇق، يامغۇر ياغسا ياكى شامال چىقسا باللار ئۇنى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىدىكى تاماشا تۈرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئوينايدۇ، چوڭلار بولسا يامغۇر ياكى شامالنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا دەخلى قىلىدىغانلىقىغا قاراپ كەيپسىزلىنىدۇ. چوڭلار گەرچە باللاردىن ئۈرگۈن دەرىجىدە كۆپ مەلۇماتلىق ۋە تەجرىبىلىك بولسىمۇ، يەنە ئۇ پەيلىدىن يانمايدۇ، ئەمما چوڭلارنىڭ رايى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يامغۇر، شامال لار تەبىئەتنىڭ ئەسلى مىجەزى بويىچە يېغىدۇ، چىقىدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئالالايمىزكى، دۇنيادىكى جاپالىق ئىشلار ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە. شۇڭا، بىرەر ۋەقەگە يولۇققاندا بىز ئالدى بىلەن قىيداشنى قويۇپ، ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ۋە مۇھىتلارغا ئويغۇنلىشىپ ئىشلەشنىڭ، ھەرقانداق يامان ئەھۋالنىمۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق ئۇيغۇنلىشىش يامان نەرسىگىمۇ خاپا بولمايدىغان ۋىجدانسىز كىشىلەرگە ئايلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئويغۇنلىشىش قانۇنىيەتكە ئويغۇنلىشىش ۋە ئىرادىگە قارشى يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللارغا ۋاقتىنچە سەبرى قىلىپ، ھەر ئىشنى ئەقىل چىرىقى بىلەن ھەل قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىشىنىڭ: ئىچىچە ئوتۇشمىغان غۇبارسىز باللارنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشلىرىغا قارىساق، ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا سەل - پەل خىجىل بولىدۇ. بىر - بىرىنى تونۇۋالغاندىن كېيىنلا تېزلىكتە ياخشى ئاغىنىلەردىن بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى باللارنىڭ تەبىئىي ئۆزئارا ئىشىنىشتۇر. ئەگەر سىز يېڭى تونۇشقان ئادەمگە ھەر قاچان سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىكەنسىز، بۇ ھالىتىڭىز سىزدىكى باللارچە تەبىئەتنىڭ گۇمانخورلۇق ياكى ئىشەنمەسلىك تەرىپىدىن بوقتلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز گەرچە «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دېگەندەك ھەممە كىشى بىلەن دوستلىشىمەن دەپ يۈرۈشنى ئەكتىلمىسەكمۇ، دوستلۇق ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر يول تېپىشنى، بولۇۋقان كىشىلەردىن لەززەتلىنىشنى، باللىق ۋاقتىڭىزدىن ئىلھاملىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز بەلكىم ئەقلىنىڭ باھارىنى پەقەت ئۆزىڭىز بىلەنلا ساقلاپ قالالمايسىز. ئۇنداق ئىكەن، سىز سىناق ئەرىقىسىدە پات - پات ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن دوستلىشىپ بېقىڭ! ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرۈڭ. پاراڭلاشقاندىمۇ ئۇلارغا ئىشەنگەن ھالدا پاراڭلىشىڭ. چۈنكى باشقىلارغا ئىشىنىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىگە ئىشىنىش بولىدۇ. ئۇلارغا ئىشەنسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزمۇ باللىق چاغدىكىدەك ئېچىلىپ قالىدۇ.

قېرىلارنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلاش توغرىسىدىكى يۇقىرىقى پىكىرلەر بەك ئىلمىي بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، بۇلارنى ئالىملار نەكشۈرۈپ ئەتقىق قىلىپ ئەكتىلگەن ئىكەن ھەر ھالدا قېرىساللارنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ.

ملله تلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەقىل ۋە پەزىلەت»دىن دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

---

ۋاقىت بىزنىڭ ئەڭ ئەرزان شۇنداقلا ئەڭ قىممەت باھالىق مۈلكىمىز. چۈنكى بىز ۋاقىت ئارقىلىق ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىمىز.

يا. راينىس

قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەممە ماھارەتلەر چىدام بىلەن ۋاقىتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئو. بالزاك

# دانىشمەنلەردىن سۆز

ئىنسانغا ھاياتتا ئەڭ كۆپ پايدا بېرىدىغان نەرسە ئۈمىد.

ئا. ف. ۋىلتمان

ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولغان نەرسە نېمە؟ ئۈمىد. چۈنكى ئادەمنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمىغاندىمۇ ئۈمىدى بولىدۇ.

فالېس

ھەمىشە ئۈمىد بىلەن ياشاش، ھېچقاچان چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىك ھەقىقىي مەرد ئادەمنىڭ پەزىلىتىدۇر.

لوتىسي فلور

ئۈمىدسىز كىشى لەنگەرسىز كېمىگە ئوخشايدۇ.

ئە. تېلمان

ئۈمىد كېچىدىكى ئاسمان قوينىغا ئوخشايدۇ. چىڭقىلىپ تىكىلگەن نىگاھ ئاخىرى بىرەر جايدىكى يۇلتۇزنى تاپماي قويمايدۇ.

ئۇ. فېلى

ھەر قانداق ئېغىر مۇسىبەتلەرمۇ ئەقىل ئىدراك ۋە ۋاقىتنىڭ تەسىرى بىلەن سۇسلايدۇ.

ف. روخاس

* * *

(بېشى 26 ـ بەتتە)

## 4 ـ تۆت ساھابى — تۆت سۈپەت

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنى خۇدانىڭ مەدھىيىسى (ھەمدۇ ـ سانا) بىلەن باشلايدۇ. بۇھال ئەينى زامان مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۈچۈن ئومۇملاشقان بىر ئەنەنىۋى ئۇسلۇب بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

بۇ مەدھىيىلەر ئىچىدە بىز شەرھلەۋاتقان «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» غا ئالاقىدار بولغىنى «تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى» دىن ئىبارەت، ئاپتور بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئېتىقادى بويىچە پەيغەمبەرنىڭ ھەممە ئىتراپ قىلغان تۆت ھەمراھى (تۆت ساھابىسى) نى تۆت سۈپەت بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ «خەلق ئىچىدىكى خىل كىشىلەر»، «دىلى بىلەن تىلى بىردەك»، «ھايالىق، خۇش مىجەز، ئەڭ سېخى»، «باتۇر، جەسۇر، يۈرەكلىك، ئەقلى تولۇق»، «قولى ئوچۇق قەلبى ساپ، بىلىملىك، ئېتىقادمەن، نامى ئۇلۇغ» (50 ـ، 53 ـ 55 ـ، 57 ـ، 58 ـ بېيتلار) ئىكەنلىكىگە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇ تۆت ھەمراھ مەن ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ تۆت ئاساسىدەك (تۆت ئادۇدەك) تۇيۇلىدۇ، تۆت ـ ئاساس مۇۋاپىقلاشسا، ھەقىقىي تىرىكلىك بولىدۇ» (60 ـ بېيت) دېيىش ئارقىلىق سىمۋوللۇق ۋاسىتە بىلەن تىرىكلىكنىڭ ئاساسى «تۆت ئادۇ» ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسىنى ئەسەرنىڭ غايىسى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. شۇڭا بۇ مەدھىيە بىزگە ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى لەززەت بېغىشلايدۇ.

• • •

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك سېزىلىدىغان يۇقىرىقى تۆتلۈكلەر گورۇپپىسى بىزنىڭ تەپەككۇر سىخېمىمىزدا 12 بۇرج — 12 ئايغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي سىستېما دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «تۆتلۈكلەر سىستېمىسى» «تۆت ئادۇ» نى دەۋر قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا زىچ باغلانغان. بۇ ئارقىلىق ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسىنى ئوبرازلىق يېشىپ بەرگەن. شۇڭا ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق «تۆتلۈكلەر» نىڭ ئورگانىك باغلىنىشىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىلا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى توغرا خۇلاسە قىلغىلى بولىدۇ.

# ئىلىم - مەرىپەت يولىدا

ئەڭ نازۇك گىياھلارمۇ تاشتەك قاتتىق يەرنى، قىيا تاشلارنى يېرىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ياخشىلىقمۇ خۇددى شۇنداق. ھېچقانداق تاغ، ھېچقانداق بازغان، ھېچقانداق قورال ئىنسان سېخىيلىقىنىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ.

گ. تورا

△ ھازىرقى زامان مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن دەرسلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان كىتاب «ئادەم ۋە ئىقتىدار» نىڭ نەشىردىن چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى يەككە كارخانىچى شېرىپھاجى يۈسۈپ 2000 يۈەن، ئوسمانجان ئەمەت 1000 يۈەن، يەككە تىجارەتچى ئابلىز داموللاھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇبۇلقاسىم ھاجىم ۋە غوپۇرجان ھاجىملار 2000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، بۇ كىتابتىن 560 پارچە سېتىۋېلىپ، ئانا يۇرتى قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى مائارىپنى قوللىغۇچى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارغا تەقدىم قىلىپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە بولغان ئىنتىزارلىقىنى شۇنداقلا يۇرتىنىڭ ئۈمىدى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارغا بولغان سەمىمىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

△ ئۈرۈمچىدىكى يەككە تىجارەتچى قاھار تۇرسۇن، ئەركىنجان قۇربان، ئېلى ئەمەت، سەلەي رىشىت، قارى موللام، ئابدۇھېلىم تۇراخۇن، ئابدۇراخمان ئىسلام، ئابدۇراخمان پاتا، ئابدۇشۈكۈر يۈسۈپ ھاجى، روزى ئابدۇقادىر قاتارلىق يولداشلار ئالدى 500 يۈەندىن كەينى 100 يۈەنگىچە جەمئىي 2100 يۈەن پۇل چىقىرىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994- يىللىق سانلىرىدىن 1200 پارچە سېتىۋېلىپ، تۇغۇلغان يۇرتى قەشقەر كونىشەھەر ئاۋات يېزىسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارغا سەمىمىي سالام يوللاش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. تەھرىر بۆلۈمىمىز يۇقىرىقى يولداشلارنىڭ مائارىپنى قوللاشتەك بۇ خىل ئالىيجاناپ روھىغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان يەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن ۋە ئەخلاق، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى شۇنداقلا دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېگى بىر بىلىم مۇنبىرى. ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخنىۋ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرىدىغان زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى. بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار، پىرى — ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پسىخولوگلا بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بەرمەكچى، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 7.20 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 1.80 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورۇ
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلەشقۇچى: مەدىنە تاھىر

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
(يەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

《新疆社科论坛》
全国公开发行

---

شىن ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: C/1147 — 65 CN/1
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137 — 58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
باش مۇھەررىر: تۇرسۇن سادىق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ
باھاسى: 1.80 يۈەن
ئورنى ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 262023 تېلېگراممىا: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن